# كارۋانغا يېتىشىۋېلىش

ئاپتورى: شەھىد ئابدۇللاھ ئەززام

# بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

## كىرىش سۆز

پۈتكۈل مەدھىيە ۋە ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى يېگانە ئاللاھقا خاستۇر. بارلىق دۇرۇد ۋە سالاملار پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئائىلە تاۋاباتلىرىغا بولسۇن.

مەن بۇ كىتابچىنى جىھادقا قاتنىشىش ئۈچۈن ئوت بولۇپ يېنىۋاتقان ۋە شۇ يولدا شەھىد بولۇشنى ئارزۇ قىلىۋاتقانلار ئۈچۈن يازدىم.

بۇ كىتابچە «جىھاد زادى نېمە ئۈچۈن؟» ، «ئاھ! ئىسلام» دېگەن تېمىلار بىلەن ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، خۇلاسە ۋە مۇلاھىزىلەر بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇلدى. ھەممىنى ئاڭلىغۇچى، ھەممىدىن يېقىن تۇرغۇچى، دۇئالارنى ئىجابەت قىلغۇچى ئاللاھدىن بۇ كىتابچە ئارقىلىق دىنىي قېرىنداشلىرىمىزنى مەنپەئەتلەندۈرۈشنى، شۇ ئارقىلىق بىزنى ئىسلاھ قىلىشنى ۋە بىز ئارقىلىق باشقىلارنىمۇ ئىسلاھ قىلىشنى چىن دىلىمدىن ئارزۇ قىلىمەن.

مېنىڭ بۇ كىتابنى يېزىپ چىقىشىمغا ئوت يۈرەك مۇجاھىدلارنىڭ جىھادقا قاتنىشىش ئۈچۈن ئافغانىستانغا كېلىش ھەققىدە مەندىن يولىيۇرۇق سوراپ يازغان توختاۋسىز خەتلىرى تۈرتكە بولدى.

مەرھۇم شەھىد مۇجاھىد ئابدۇللاھ ئەززام

# 1 ـ باب

# جىھاد زادى نېمە ئۈچۈن؟

ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىمىز، ئۇنى مەدھىيىلەيمىز، ئۇنىڭغا تايىنىمىز، ئۇنىڭدىن مەغفىرەت تىلەيمىز. جىنايەتكە ياتىدىغان ئەمەللىرىمىز ۋە خاھىشلىرىمىزنىڭ يامانلىقلىرىدىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىلەرنى ئازدۇرغۇچى ۋە ئېزىپ كەتكەنلەرنى ئاللاھدىن غەيرى ھىدايەت قىلغۇچى يوق. «ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئەلچىسى ۋە بەندىسى» دەپ گۇۋاھلىق بېرىمىز. ئى ئاللاھ! سەن ئاسان قىلىپ بەرگەن ئىشلاردىن باشقا ئىشلاردا ئاسانچىلىق يوق، ئەگەر سەن خالىساڭ غەم ـ قايغۇلارنى يوق قىلىۋېتەلەيسەن.

بۈگۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆرگەن ھەر قانداق كىشى ئۇلارنىڭ جىھادنى تەرك ئېتىش (دۇنيانى ياخشى كۆرۈپ، ئۆلۈمدىن قېچىش) تىن ئىبارەت ناھايىتىمۇ چوڭ ئاپەتكە دۇچ كەلگەنلىكىنى، شۇ ۋەجىدىن دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە كاپىرلار مۇسۇلمانلارنىڭ يەلكىسىگە مىنىۋېلىپ مۇستەبىت ھۆكۈمەتلەرگە ئايلىنىۋالغانلىقىنى كۆرىۋالالايدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆلۈمدىن ئەڭ قورقىدىغىنى دەل كاپىرلاردۇر. «(ئى مۇھەممەد!) الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلغىن (يەنى ئۆزۈڭ يالغۇز بولساڭمۇ جىھاد قىلغىن، ساڭا غەلىبە ۋەدە قىلىنغان. مۇناپىقلارنىڭ جىھادتىن قېلىپ قالغانلىقىغا ئەھمىيەت بېرىپ كەتمە.) سەن پەقەت ئۆزۈڭگىلا جاۋابكار سەن، مۆمىنلەرنى (جىھادقا) قىزىقتۇرغىن، الله نىڭ كاپىرلار كۈچىنى توسىدىغانلىقىمۇ ھەقىقەتتۇر، الله نىڭ كۈچى ئەڭ زوردۇر. الله نىڭ جازاسى ئەڭ قاتتىقتۇر [84].» (سۈرە نىسا)

بىز تۆۋەندىكى سەۋەبلەر تۈپەيلى، مۇسۇلمانلارنىڭ جىھاد مەيدانىغا قاراپ قەدەم بېسىشىغا رىغبەتلەندۈرىمىز ۋە دەۋەت قىلىمىز.

12 ـ كاپىرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى توسۇپ قېلىش.

12 ـ (ئەركەكلەر قەھەتچىلىكى)نى كېمەيتىش ئۈچۈن.

12 ـ دوزاخ ئوتىدىن قورققانلىقىمىز ئۈچۈن.

12 ـ ئىسلام چاقىرىقىغا ئەگىشىش ئۈچۈن.

12 ـ سەلەف ـ سالىھلارغا ئەرگىشىش ئۈچۈن.

12 ـ ئىسلامىيەت دۇنياسىغا بىر مۇستەھكەم قوماندانلىق مەركىزى بەرپا قىلىش ئۈچۈن.

12 ـ دۇنيادىكى ئېزىلگەنلەرنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن.

12 ـ شەھىد بولۇشنى ئارزۇ قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن.

## 1 ـ كاپىرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى توسۇپ قىلىش

«قۇرئان كەرىم» دە بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلىدۇ:

«پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي الله ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار؛ ئەگەر ئۇلار (كۇفرىدىن) يانسا، الله ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى كۆرىدۇ [39].» سۈرە ئەنفال

شۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئەگەر جىھاد توختاپ قالسا بارلىق ھاكىمىيەت ۋە ھۆكۈمرانلىق ئىشلىرى كاپىرلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. پىتنە ـ پاسات كېڭىيىپ شىرىكچىلىكنىڭ ئاساسى يارىتىلىدۇ.

## 2 ـ ئەركەكلەر قەھەتچىلىكىنى كېمەيتىش

ناۋادا بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇستىدىكى ئېغىر كۈلپەتلەرنى كۆتۈرۈپ قويۇشقا دائىم تەييار تۇرالايدىغان، مەسئۇلىيەتتىن قاچمايدىغان ئەركەكلەرنىڭ كېمىيىپ كېتىپ بارغانلىقى ھەقىقەتەنمۇ ئىسلام دۇنياسى ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر كىرىزىس بولۇپ ھىسابلىنىدۇ.

بىر سەھىھ ھەدىستە:«كىشىلەر يىتەكلەپ ماڭغۇچىسى بولمىغان يۈز تۆگىگە ئوخشايدۇ. سەپەر جەريانىدا يۈز تۆگە ئىچىدىن سىنى كۆتۈرۈپ ماڭىدىغان بىر تۆگە تېپىلمايدۇ» دېيىلگەن ئىدى.

رىۋايەت قىلىنىشىچە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆز ھەمرالىرىدىن بىر قىسىم

كىشىلەرگە: «بىر نەرسىلەرنى ئارزۇ قىلىپ بېقىڭلارچۇ؟» دېگەندە ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىردىن نەرسىنى ئارزۇ قىلىشىدۇ. ئاندىن ئۇلار: «ئەي مۆمىنلەرنىڭ سەردارى، سىزمۇ بىر نەرسە ئارزۇ قىلىپ بېقىڭچۇ؟» دېيىشتى. ئۇ «مەن ئەبۇ ئۇبەيدىگە ئوخشاش كىشىلەردىن مۇشۇ ئۆي توشقىچە بولسىكەن دەپ ئارزۇ قىلىمەن» ، دېدى (ئەبۇ ئۇبەيدە ئۆز ئىقتىسادى بىلەن ئىسلام ئۈچۈن شانلىق تۆھپىلەرنى قوشقان ساھابە).

ھازىر جىھاد قىلغۇچىلار تولىمۇ كەم ئۇچرايدۇ. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بۇ يولدا سەبىر قىلىۋېرىپ ئۆزىنى ئۇنتۇشقا تاسلا قالدۇ. ھەقىقەتەن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئازغىنە بىلگەنلىرىدىنمۇ ئاز ئەمەل قىلىدۇ. بىر قېتىم جىھاد مەيدانىدا ئەرەپ يىگىتلىرىنىڭ «قۇرئان» ئۆگىنىۋاتقان يېرىدىن ئۆتۈپ قالدىم. بىراق ئۇلارنىڭ ئىچىدىن تىلاۋەت ئەھكاملىرىنى تولۇق بىلىدىغان بىرىنىمۇ تاپالمىدىم. شۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ ئوھود جېڭىدە شەھىد قىلىنغان يەتتە كىشىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندە ئېيتقان:« بىز ئۆز كىشىلىرىمىزگە ئىنساپ قىلمىدۇق» دېگەن سۆزنى دىنى تالىپلارغا ۋە كەڭ تەبلىغچى ئۇستازلارغا تەكرارلاپ قويۇشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىغىنى ھىس قىلدىم. چۈنكى مانا مۇشۇنداق تىلاۋەت بىلىدىغانلارغا جىددى ئېھتىياجلىق ئورۇندا بىرمۇ قارى تاپقىلى بولمايدۇ. ئۇلار جىھاد مەيدانىغا كېلىش ئۈياقتا تۇرسۇن، ھەتتا بۇ يەرگە كەلمەكچى بولىۋاتقانلارنىمۇ ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلماسلىق ھەققىدە نەسىھەت قىلىپ توسۇپ قويىدۇ. قىسقىسى ئۇلار زالىم ھۆكۈمەتلەرنىڭ زۇلۇمى ھەققىدە بىرەر ئېغىز سۆزلەپ سېلىشتىنمۇ ئۆلگىدەك قورقىدۇ. تېخى يەنە بەزىلىرى ھېچبىر ئاساسسىزلا پەتىۋا بېرىشىپ «مۇجاھىدلارغا ئادەم ئەمەس، بايلىق كېرەك» دەپ جۆيلۈپ يۈرۈشىدۇ. مەن مۇجاھىدلار ئارىسىدا ئۆتكەزگەن ئالتە يىللىق ھاياتىمدىن شۇنى ئېنىق ئىسپاتلاپ بېرەلەيمەنكى، مۇجاھىدلار ھەقىقەتەنمۇ بايلىققا قاتتىق ئېھتىياجلىق، لېكىن ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك ئەركەكلەرگە، بولۇپمۇ دەۋەتچى ئۇستازلارغا ئېھتىياجلىق. ئەگەر دېگەنلىرىمگە گۇمان

بىلەن قارايدىغان بولسىڭىز، مەرھەمەت! بىز ئافغانىستانغا بېرىپ باقايلى، سىز پۈتۈن ئالدىنقى سەپ تەۋەسىدىن «قۇرئان»نى راۋرۇس قىرائەت قىلالايدىغان بىرىنىمۇ تاپالمايسىز، سىز تېخىمۇ كۆچلۈك جەزىملەشتۈرۈش ئۈچۈن مەن بىلەن بىرگە ئىككىنچى بىر ئالدىنقى سەپكە يۆتكىلىڭ، ئۇ يەردىمۇ شەھىدلەرنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن جىنازا نامىزىنى بىلىدىغانلارنى ئۇچرىتالمايسىز! ئۇلار شەھىدلەرنى دەپنە قىلىش ئۈچۈن خېلى ئۇزۇن مۇساپىلەرنى بېسىشقا مەجبۇر بولىدۇ. جىھادنىڭ غەنىمەتلىرىنى تەقسىم قىلىش، ئەسىرلەرگە مۇئامىلە قىلىشقا ئوخشاش فىقھى مەسىلىلەرگە كەلسەك، مۇجاھىدلار ئىسلام شەرىئىتىنىڭ تەقەززاسى بويىچە پىكىر ئېلىش ئۈچۈن ئۆلىما ئىزدەپ نەچچىلىگەن يېزا- كەنتلەرنى بېسىپ ئۆتۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىمۇ ئاخىرلاشتۇرالمىغان ئەرەب يىگىتلىرىنىڭ ئالدىنقى سەپلەردە قالدۇرغان چوڭقۇر تەسىرلىرىدىن ئۇلارنىڭ ئالىملارغا، قارى- قۇرئانلارغا، يېتەكچى ئىماملارغا، دەۋەتچىلەرگە قانچىلىك مۇھتاج بولىۋاتقانلىرىنى سىز ئاسانلا بايقىيالايسىز. پەقەت مىسال ئۈچۈنلا تۆۋەندىكى ئابدۇللاھ، ئەنەس، ئەبۇ دۇجانە، ئەبۇ ئاسىم، تاھىر... قاتارلىق بىر قىسىم قېرىنداشلارنى سىزگە تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي:

ئەگەر مەن ساۋاتسىز ئەرەب قېرىنداش ئەبۇ شۇئەيبىنىڭ ئافغانىستاننىڭ باغلان ۋىلايىتى تەۋەسىدە قانداق مەنىۋى تەسىرلەرنى قالدۇرغانلىقىنى سۆزلەپ بەرسەم ھەيرانلىقتىن قېتىپ قالىسىز.

شەرقشۇناسلارنىڭ سۈيىقەستلىك ھۇجۇملىرى ئالدىدا، ئاچچىق ئەمەلىيەتلەرنىڭ بېسىمى ئاستىدا يوقىلىۋاتقان ئەۋلادلارنىڭ مىراسلىرىنى يەلكىلىرىگە ئالمىغان، تەقلىدچىلىك رامكىلىرىدىن باشلىرىنى تارتالمىغان ئىجتىمائى ئادەتلەرنىڭ قەپەسلىرىدىن قۇتۇلالمىغان قېرىنداشلارغا شۇنى مۇراجىئەت قىلىمەنكى:«ئەگەر ئۇلار ئۆزلىرى جىھاد مەيدانىغا چىقالمىسا ھېچبولمىغاندا، روھلىرىنى ياكى جەسەتلىرىنى بولسىمۇ جىھاد

مەيدانىغا يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئاللاھدىن تىلەپ تۇرۇشى لازىم».

بىز ئەھمەد شاھ مەسئۇد (ئافغانىستاندىكى داڭلىق قوماندان)نىڭ ئاساسلىق ئادەملىرىدىن بىرى بولغان قازى مەزلۇم دېگەن كىشىدىن ئاندىراپ ۋىلايىتىدە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شەھىد بولۇپ كەتكەن قارى- قۇرئان ئەبۇ ئاسىم ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدۇق، ئۇ:

-مەن ئۇنىڭدەك ھەيۋەتلىك، سالاپەتلىك، يۈرەكلىك، تەمكىن بىرىنى كۆرمىگەن. ئۇ بار سورۇندا بىزدىن ھېچكىممۇ سۆزلەشكە پېتىنالمايتتى. كۈلۈپ چاقچاق قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، پۈتىنى سۇنۇشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى. ناۋادا مەن سىزگە ئۇ كىشىنىڭ يېشى 23 كىمۇ توشمىغان، قولىدا پەقەت تولۇق ئوتتۇرىنىڭ دىپلومى بار، ئەمما «قۇرئان كەرىم»نى يادىلاپ بولغان، ئىسمى ئەبۇ ئاسىم دەپ ئېيتسام، ھەيرانلىقتا نېمە دەپ قالارسىز- ھە؟

بۇ دەۋر ئورۇن تاللايدىغان ئەمەس، بەلكى ئەمەلى ئىش قىلىدىغان دەۋردۇر. مۇسۇلمانلار دەھشەتلىك بالايى- ئاپەتلەرگە، ناھايىتى چوڭ ئىشلارغا دۇچ كېلىۋاتقان مۇنداق نازۇك ۋەزىيەتتە، تاماق يېيىش ۋە سۆزلىشىش ئۇسلۇبى ھەققىدىكى گەپلىرىڭىزنى قويۇپ، مۇھىم ئىشلار توغرىسىدا يەنى بۇلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن قانداق تەييارلىق قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە سۆزلەشنى باشلاڭ!

## 3- دوزاخ ئوتىدىن قورقۇش

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:«ئەگەر سىلەر جىھادقا چىقمىساڭلار ئاللاھ سىلەرگە قاتتىق ئازاپ قىلىدۇ. (سىلەرنى ھالاك قىلىپ) ئورنۇڭلارغا سىلەردىن باشقا قەۋمنى كەلتۈرىدۇ. سىلەر ئاللاھقا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر»

ئىبنى ئەرەبنىڭ سۆزى يويىچە :«قاتتىق ئازاب دۇنيادا دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى،

ئاخىرەتتە ئوت بىلەن بولىدۇ» تەپسىرى قۇرتۇبى، 8 ـ جىلد 142 ـ بەت

يۇقىرىقى سۆز دېيىلگەندە قۇرتۇبى مۇنداق دەيدۇ:«بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى نۆۋەتتە كەلگەندە كاپىرلار كۆپىيىپ، ئۇلارنىڭ شانۇ ـ شەۋكىتى ئۆسۈپ كەتكەندە ھەممەيلەننىڭ ئورتاق ئاتلىنىشى لازىم دېگەننى كۆزدە تۇتىدۇ»

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:« ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار (يەنى ھىجرەتنى تەرك ئېتىپ كۇففارلار بىلەن بىللە تۇرغۇچىلار) نىڭ جانلىرى پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئېلىنىدىغان چاغدا، پەرىشتىلەر ئۇلاردىن: «(دىنىڭلارنىڭ ئىشىدا) قايسى ھالەتتە ئىدىڭلار؟» دەپ سورايدۇ. ئۇلار: «زېمىندا (يەنى مەككى زېمىنىدا) بىز (دىننى بەرپا قىلىشتىن) بوزەك قىلىنغان ئىدۇق» دەيدۇ. پەرىشتىلەر: «ھىجرەت قىلساڭلار الله نىڭ زېمىنى كەڭرى ئەمەسمىدى؟» دەيدۇ. ئەنە شۇ (ھىجرەت قىلمىغان) لارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر. جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي! [97]. پەقەت ئەرلەردىن، ئاياللاردىن، باللاردىن چارىسىز قالغان (يەنى ھىجرەت قىلىشقا چارە تاپالمىغان)، يول بىلمەيدىغان ئاجىزلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا [98]. ئەنە شۇلارنى الله ئەپۇ قىلغاي. الله ناھايىتى ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر [99].» (سۇرە نىسا )

بۇخارىدىن ئەكرەمەگە چېتىلىپ مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىبنى ئابباسنىڭ ماڭا خەۋەر قىلىشىچە، رەسۇلۇللاھنىڭ زامانىسىدا بىر قىسىم مۇسۇلمانلار مۇشرىكلارنىڭ سېپىدە تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سانىنىڭ كۆپىيىشىگە سەۋەپ بولىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ بىرلىرى ئوق تېگىپ ئۆلسە يەنە بىرلىرى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلەتتى. شۇ چاغدا ئاللاھ يۇقىرىدا ئېيتىلغان مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلغان ئىدى: «ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار (يەنى ھىجرەتنى تەرك ئېتىپ كۇففارلار بىلەن بىللە تۇرغۇچىلار) نىڭ جانلىرى پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئېلىنىدىغان چاغدا...» (سۇرە نىسا)

مەككىدىكى مۇسۇلمانلار دىننى گويا چوغنى تۇتۇپ تۇرغاندەك تۇتۇپ تۇراتتى، لېكىن

هىجرەت قىلمىغان ئىدى، بەدىر كۆنى دۈشمەنلەردىن قورقۇش ۋە ئەنسىرەش سەۋەپلىك مەجبۇر جەڭگە قاتنىشىپ دۈشمەنلەرنىڭ سانىنىڭ كۆپىيىشىگە سەۋەپ بولغان ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى شۇ جەڭدە ئۆلدى، بۇخارىنىڭ رىۋايىتىگە قارىغاندا ئۇلار جەھەننەمگە ھەقلىق بولدى.

ئەمدى سىز ھايۋاندىنمۇ خار ياشاۋاتقان؛ ئۆزىنىڭ مال- مۈلكى قانلىرى ۋە ئار- نۇمۇسلىرىنى قوغداش يولىدا رەقىپلىرىگە قارشى تۇرالمىغان؛ ئىسلامنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسى بولغان ساقاللىرىغا ئۆزلىرى ئىگە بولالمىغان؛ «تاپان ۋە كۇكۇلىرىدىن تارتىپ ئالىدىغان جىنايەت ھىسابلانغانلىغى ئۈچۈن» شەرىئەتنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئۆز ئاياللىرىنىڭ كىيىملىرىنى ئۈزۈن كەيدۈرۈشكە كۈچى يەتمىگەن؛ بىراۋلارنىڭ نەزىرىدە قانۇنسىز يىغىلىش بولغانلىقى ئۈچۈن ياشلاردىن ئۈچەيلەن بىرلىكتە ئاللاھنىڭ مەسجىتلىرىدىمۇ يۈرەكلىك «قۇرئان» ئۆگىنەلمىگەن؛ تىبخى ئىسلام نامى بىلەن ئاتالغان بىر قىسىم دۆلەتلەردە ئاياللارنىڭ چاچلىرىنى يۆگىتىش ئۈياقتا تۇرسۇن، جاسۇسلارنىڭ زۇلمەتلىك كىچە قوينىدا قىزلىرىنىڭ قوللىرىدىن تارتىپ خالىغانچە ئېلىپ مېڭىشلىرىغا قارشى تۇرالمايۋاتقان؛ ھەقىقەتەنمۇ ئازاپقا لايىق كېلىدىغان ھېلىقى مۇسۇلمان قىياپىتىگە كىرىۋالغانلار ھەققىدە نېمە دەيسىزكىن؟ ئۇلار قانخورلانىڭ شەھۋەت قۇشخانىلىرىدا قەدرى قۇربان بولۇۋاتقانلار ئۈچۈن زالىملارغا قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بارالامدۇ؟ ئەنە شۇ مىليۇنلىغان مۇسۇلمانلار خارلىق ئىچىدە بوزەك قىلىنىش بىلەن ياشاۋاتامدۇ؟ پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلىنىۋاتقان ئەھۋالدا ئېلىۋاتامدۇ؟ ئەگەر پەرىشتىلەر ئۇلاردىن:«زېمىندا قايسى ھالەتتە ئىدىڭلار» دەپ سورىسا ئۇلار جاۋاب بېرىپ:«بىز زېمىندا بوزەك قىلىنغان ئىدۇق» دېيىشەمدۇ؟ ئاجىزلىق ئاللاھنىڭ ئالدىدا باھانە- ئۆزرە بولالمايلا قالماستىن بەلكى باھانە كۆرسەتكۈچىنى جەھەننەمگە لايىقلاشتۇرىدىغان جىنايەتتۇر. ئەزىز زېمىنغا بارىدىغان يولنى بىلمەيدىغانلار، ئىسلام دىيارلىرىغا ھىجرەت

قىلالمايدىغانلار، جىهاد مەيدانلىرىغا يېتىپ بارالمايدىغانلار، قۇتۇلۇش تەدبىرلىرىنى تاپالمايدىغان ياشتا قېرىپ قالغانلار، كىچىك بالىلار ۋە ئاياللار، ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئۆزرىلىك.

شەكسىزكى جىهاد ۋە جىهاد ئۈچۈن قىلىنىدىغان هىجرەت بۇ دىنىنىڭ ئايرىلماس تەبىئى بىر قىسمى. شۇنىڭدەك جىهادسىز دىن زېمىنىنىڭ قايسى يېرىدە بولمىسۇن مۇستەهكەم تۇرالمايدىغانلىغى ۋە ئۇنىڭ دەرەخلىرىنىڭ يىلتىز تارتالمايدىغانلىقى ئېنىق. جىهاد بۇ دىنىنىڭ مۇهىم ئاساسلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ تارازىسىدا ئۇنىڭ ۋەزنى بار. ئۇ هەرگىزمۇ «قۇرئان» نازىل بولغان دەۋردىكى ۋاقىتلىق هادىسە بولماستىن بەلكى بۇ دىنغا يۈزلىنىۋاتقان كارۋاننىڭ زور يېتەكچىسىدۇر.

ئۇستاز سەييىد قۇتۇپ «فىي زىلال» نىڭ 2-جىلىد 742-بەتتىكى ئايەتنىڭ تەپسىرىسىدە مۇنداق يازىدۇ:«ئەگەر جىهاد مۇسۇلمان مىللەتلەر هەياتىدىكى ۋاقىتلىق هادىسە بولىدىغان بولسا، ئاللاهنىڭ كىتابىدىكى هەر بىر بابتىن بۇ قەدەر چوڭقۇر ئورۇن ئالمىغان، (رەسۇلۇللاھ سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسسەللەم) سۈننەتلىرىدە بۇنچە كۆپلۈك بايان قىلىنمىغان بولاتتى. ئەگەر جىهاد ۋاقىتلىق هادىسە بولسا رەسۇلۇللاھ سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم قىيامەت كۈنىگىچە كېلىدىغان هەر بىر مۇسۇلمانغا قارىتىپ مۇنۇ سۆزنى دېمىگەن بولاتتى: -هەر قانداق ئادەم جىهاد قىلمىسا ياكى كۆڭلىدە جىهاد قىلىشنى ئويلىمىسا مۇناپىق هالەتتە ئۆلىدۇ (ئىمام مۇسلىم ۋە بۇخارىدىن رىۋايەت قىلىنغان). ئاللاھ تائالا بۇ ئىشنىڭ پادىشاهلارغا ياقمايدىغانلىقىنى، هۆكۈمدارلارنىڭ قوللىغۇچىلارنىڭ ۋە پادىشاهنىڭ نەپرىتىنى كۈچلەندۈرىدىغانلىقىنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ. چۈنكى بۇ يول ئۆلارنىڭ يولىغا، بۇ پروگراما ئۇلارنىڭ پروگراممىسىغا ئوخشمايدۇ. بۇ پەقەت تۈنۈگۈنكىلا ئىش ئەمەس. بەلكى بۈگۈن ئەتە ۋە هەممە يەر، هەممە دەۋردە شۇنداق بولىدۇ. رەزىللىكنىڭ ئۆز رەقىبى ئۈستىدىن غەلبە قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن جىهاد هەر قانداق

ئەھۋالدا ئېلىپ بېرىلىشى لازىم. جىھاد ئالدى بىلەن كىشىلەرنىڭ روھى دۇنياسىدا باشلىنىشى، كېيىن ئەمەلىيەت ئارقىلىق رىئاللىققا ئاشكارىلىنىشى كېرەك. رەزىللىك بىلەن قوراللانغانلارغا ساناقسىز تاياق- توقماقلىرىغا ھەقىقەتەنمۇ بىر قان چاچالايدىغان ئۆتكۈر شەمشەرلىرىنى قارشى قويۇش تولىمۇ زۆرۈر. ئۇنداق بولمىغاندا ئىش مۇسۇلمانلارغا مۇناسىپ كەلمەيدىغان ئۆلۈۋېلىش دەرىجىسىگە يېتىدۇ»

## 4- ئىلاھى چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇش

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: (ئى مۆمىنلەر) سىلەر يېنىك ياكى ئېغىر بولغان ھالەتتە (يەنى مەيلى ياش، قېرى، پىيادە، ئۇلاغلىق بولۇڭلار، ئوڭۇشلۇق ياكى قىيىن ھالەتتە بولۇڭلار، ئىختىيارى ياكى ئىختىيارسىز بولۇڭلار) ھەر قانداق ئەھۋالدا جىھادقا چىقىڭلار! ئاللاھ يولىدا مېلىڭلار بىلەن جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار! ئەگەر بىلسەڭلار مۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر» (سۈرە تەۋبە 41- ئايەت). قۇرتۇبى (ئۆز تەپسىرىسىنىڭ 8-جىلد 150-بېتىدە) بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە ئەڭ مۇھىم نوقتىنى نەقىل كەلتۈرگەن:

ئەففە ۋە سەقەلە (ئېغىر ۋە يېنىك ئەھۋالدا) - ئىبنى ئاببباس بۇ سۆزنى قېرى- ياش دەپ رىۋايەت قىلغان.

2-ئىبنى ئاببباس ۋەقاتەدا( ئەقىللىق ۋە ئەقىلسىز) ئىشچان ۋە ھورۇن دەپ رىۋايەت قىلغان

3- مۇجاھىد يېنىك دېگەن سۆز بايىنى، ئېغىر دېگەن سۆز كەمبەغەلنى كۆرسىتىدۇ دېگەن.

4- ھەسەن، يېنىك دېگىنى ياشلار، ئېغىر دېگىنى قېرىلار دەپ كۆرسەتكەن.

5- زەيىد ئىبنى ئەلى ۋە ھاكىم ئىبنى ئۆتەيبە، ئىشلەيدىغانلار ۋە ئىشلىمەيدىغانلار دەپ كۆرسەتكەن.

6 ـ  زەيد ئىبنى ئەسلەم ئېغىر دېگەن سۆز بالا ـ چاقىسى بارلارنى، يىنىك دىگەن سۆز بالا ـ چاقىسى يوقلارنى كۆرسىتىدۇ دېگەن ئىدى.

7 ـ  ئىبنى زەيد، ئېغىر تاشلاپ قويغىلى چىدىمايدىغان ھۈنىرى بارلارنى، يىنىك ھۈنەرسىزلەرنى كۆرسىتىدۇ دېگەن.

8 ـ  ئەۋزەي،  يىنىك پىيادىلەرنى ئېغىر ئاتلىقلارنى كۆرسىتىدۇ دېگەن.

9 ـ  يىنىك دېگەن سۆز مۇجاھىدلارنىڭ باشلامچىلىرىنى، ئاۋانگارت ئەترەتتەك جەڭگە ئالدىدا كىرىدىغانلارنى كۆرسىتىدۇ.

10 ـ نەققاش، ئېغىر دېگەن سۆز جاسارەتلىكلەرنى كۆرسىتىدۇ دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن

ئايەتنىڭ ھەقىقىي مەنىسى:«جەڭگە ئاتلىنىش سىلەرگە مەيلى ئېغىر كەلسۇن، مەيلى يىنىك كەلسۇن، ئورتاق ئاتلىنىڭلار» دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمنىڭ رىۋايەتىق قىلىشىچە ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ، «مەنمۇ غازات قىلامدىم؟» دەپ سورايدۇ. رەسۇلۇللاھ:« ھەئە» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. شۇ چاغدا ئاللاھ «كۆزى ئەمالارغا گۇناھ ئەمەس» دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

يۇقىرىدىكى ئايەتتە ئېيتىلغان «ئېغىر ۋە يىنىك» دېگەن سۆزلەر پەقەت مىسال ئۈچۈنلا ئېلىندى. ئاقىل ئىگىلىرى ھەرگىزمۇ بىز ياشاۋاتقان ئافغانىستان ۋە پەلەستىنىدىكى ئەھۋالىمىزنىڭ شۇنىڭدەك ئىسلام دۇنياسىنىڭ كۆپلىگەن رايۇنلاردىكى ئەھۋالىمىزنىڭ بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنى ئاستىغا كىرىپ كېتىدىغانلىقىدىن گۇمانلانمايدۇ. ئەگەر دۈشمەن ئىسلام زېمىنىغا باستۇرۇپ كىرسە، شۇ دۆلەتنىڭ مۇسۇلمانلىرىغا دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇشقا ئاتلىنىش ۋاجىب. ئەگەر ئۇلار ھورۇنلۇق قىلىپ ئولتۇرىۋالسا ياكى كۆچى يەتمەي قالسا، گويا رامزاندا سەۋەپسىزلا ئىپتار قىلغانغا ياكى ماللىرىنىڭ زاكىتىنى بەرمىگەن بايلارغا

ئوخشاش پەرزنى تەرك قىلغانغا ئوخشايدۇ. بەلكى جىھادنى تەرك قىلىش ئۇنىڭدىنمۇ قاتتىقتۇر.

خۇددى ئىبنى تەيمىيەنىڭ «ئىمان ئېيتقاندىن كېينلا دىن ۋە دۇنيانى بۇزىدىغان تاجاۋۇزچى دۈشمەنلەردىن مۇداپىئەلىنىشتىن ئارتۇق ۋاجىپ يوق» دېگىنىگە ئوخشاش، ئەبۇ تەلھەنىڭ «ئېغىر-يېنىك ئەھۋالدا چىقىڭلار» دېگەن ئايەت ئوقۇلغاندا:«ئاللاھ ھېچكىمنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ» دېگەن سۆزى ھەقىقەتەنمۇ قىل سىغماس ھەقىقەت.

ئۇ بالىلىرىغا:«ئەي بالىلىرىم! مېنى تەييارلاپ قويۇڭلار، مېنى تەييارلاپ قويۇڭلار» دەپ تەكرارلىدى. بالىلىرى ئۇنىڭغا:«ئاللاھ سېنى كەچۈرىدۇ، سەن رەسۇلۇللاھ بىلەن ئۇنىڭ ۋاپاتىغىچە جىھاد قىلدىڭ، ئەبۇبەكرى بىلەن ئۇنىڭ ۋاپاتىغىچە، ئۆمەر بىلەن ئۇنىڭ ۋاپاتىغىچە قەدەر جىھاد قىلدىڭ. ئەمدى سەن ئۈچۈن بىز جىھاد قىلايلى دېيىشتى»، ئۇ:«ياق، مېنى تەييارلاپ قويۇڭلار!» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دېڭىزدا جىھاد قىلىش جەريانىدا شەھىد بولدى. يەتتە كۈنگىچە ئۇنى دەپنە قىلغۇدەك جاي تېپىلمىدى، ئۇ دەپنە قىلىنغاندا جەسەتلىرى ئۆزگەرمىگەن ئىدى، ئاللاھ ئۇ كىشىدىن رازى بولسۇن!

قۇرتۇبى ئۆز تەپسىرى (8-جىلد 151-بېتى) دە :«ئەگەر بۇرۇن ئىسلام دىيارى بولغان ھەر قانداق بىر پارچە زېمىن دۈشمەنلەرنىڭ قول ئاستىدا قالىدىكەن، شۇ دىيار مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئۆز تاقىتى دائىرىسىدە ئېغىر-يېنىك، ياش-قېرى، دادىسى بارلار ھەم يوقلارنىڭ جىھادقا چىقىشى ۋاجىب. مەيلى جەڭچى سۈپىتىدە بولسۇن ياكى سانىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن بولسىمۇ چىقىشى كېرەك. ئەگەر شۇ رايۇن خەلقى ئۆز دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرۇشتا ئاجىز كەلسە يېقىنلىرى—چېگرىداش دۆلەتلەرنىڭ ئۆزىگە تېگىشلىك دەرىجىدە جىھادقا چىقىپ ئەسلىدىكى رايۇن ئەھلىنىڭ ئۆزىنى قوغداشقا كۈچى يېتىدىغانلىقىنى بىلگەنگە قەدەر ئۇلار بىلەن بىللە جىھاد مەيدانىدا تۇرۇش لازىم.

شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىگە نىسبەتەن ئاجىز كەلگەنلىكىنى بىلگەن ھەر قانداق كىشى ئۆزىنىڭ ياردەمگە بېرىش ئىمكانىيىتىگە قاراپ، ئۆزىگە تېگىشلىك دەرىجىدە جىھاد قىلىش زۆرۈر. مۇسۇلمانلار بىر ياقتىن باش چىقىرىپ دۈشمەنلەر باستۇرۇپ كىرگەن رايۇن ئەھلىنى ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قوغداپ، ئۇ يەرنى قولغا ئالغاندىن كېيىن ئاندىن جىھادنىڭ پەرزلىكى باشقىلاردىن ساقىت بولىدۇ» دېيىلگەن.

ئەگەر دۈشمەن ئىسلام دىيارىغا يېقىنلاپ كەلگەن، لېكىن ئۇنىڭغا باستۇرۇپ كىرمىگەن ئەھۋالدىمۇ ئۇلارغا قارشى ئاتلىنىش لازىم. تاكى ئاللاھنىڭ دىنى غەلبە قىلىپ مۇسۇلمانلار قوغدىلىپ، ئىسلام چېگرالىرى بىخەتەر، دۈشمەنلەر خار بولغانغا قەدەر جەڭ قىلىش لازىم. بۇنىڭدا ھېچقانداق ئىختىلاپ يوق. نەبىغەتۇل جەئىدىنىڭ ئايالى ئۇنى (جىھادقا چىقماي) ئائىلىسىدە بىرگە قېلىشنى ئۈمىد قىلغىنىدا ئوقۇغان بىيىتلىرى نېمە دېگەن گۈزەل ھە!!

## 5- سەلەف- سالىھلارغا ئەگىشىش

جىھاد سەلەف-سالىھلارنىڭ ئادىتى ئىدى، رەسۇلۇللا (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) مۇجاھىدلارنىڭ يېتەكچىسى، يۈزى يۇرۇقلارنىڭ قوماندانى ئىدى. ئۇلار ئۇرۇش قىزىغاندا رەسۇلۇللاھنى قوغدايتتى، رەسۇلۇللاھ دائىم دۈشمەنلەرگە يېقىن يەردە تۇراتتى. رەسۇلۇللاھ ئۆزى قوماندانلىق قىلغان غازاتلارنىڭ سانى 27 بولۇپ بۇنىڭدىن توققۇزىغا ئۆزى بىۋاستە قاتناشقان. ئۇلار: بەدر، ئوھۇد، مۇر ياسىيە، خەندەك، قۇرەيزە، خەيبەر، مەككىنىڭ فەتھە قىلىنىشى، ھۇنەيىن ۋە تائىف قاتارلىقلار.

مېنىڭ مەككىنىڭ فەتھە قىلىنىشنى بۇنىڭ ئىچىگە قىستۇرۇپ قويۇشمدىكى سەۋەب، بەزى ئۆلىمالار «مەككە قورال كۈچى بىلەن فەتھە قىلىنغان» دەپ قارايدۇ. نۇرغۇن كىتابلاردا رەسۇلۇللاھ 40 قېتىم قوشۇن ئەۋەتكەن، بەنى ئۇزەيرگە ئۆزى قاتناشقان دېيىلگەن. بۇنداق دېگەنلىك: «رەسۇلۇللاھ جەزمەن جىھادقا چىقاتتى. ئىككى ئاي ياكى

ئۇنىڭغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە قوشۇنلارنى ئەۋەتىپ تۇراتتى» دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

ساھابە كىرەملەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى بويىچە ماڭدى. «قۇرئان كەرىم» بۇ بىر ئەۋلادنى جىھاد ئىدىيىسى بىلەن پەرۋىش قىلىپ، گويا جاراھەتىمىزگە سۇ تېگىپ كېتىشىدىن قاچۇرغىنىمىزدەك ئۇلارنى دۇنياغا ھېرىسمەن بولۇشتىن قوغداپ قالدى «مۇستەدرىك» (2-جىلد، 275-بەت) دە بىر سەھىھ(ئىشەنچىلىك) ھەدىس بايان قىلىنغان ۋە ئۇنىڭ سەھىھلىكىگە زەھەبى قوشۇلغان. ئۇنىڭدا:«قۇستەنتىنىيەدە مۇھاجىرلاردىن بىر كىشى دۈشمەن تەرەپكە ئىلگىرلەپ ئۇلارنىڭ سېپىنى يېرىپ كىرىپ كەتتى. بۇ چاغدا بىز بىلەن ئەبۇ ئەييۇبى ئەنسارىمۇ بار ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا قاراپ:ئۆزىنى ھالاكەتكە تاشلىدى، دېيىشتى. بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇ ئەييۇبى دەرھاللا: «بۇئايەت ئەنسارىلار ئۈچۈن چۈشكەن، بىز بۇنى سىلەردىن ياخشىراق بىلىمىز. بىز رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرگە ئەمەلىي كۆرۈنۈشلەرنى كۆردۇق، ئۇنىڭغا ياردەم بەردۇق، ئىسلام كېڭىيىپ تارالدى. بىزئەنسارىلار توپى ناھايىتى قىزغىن جەم بولۇپ، ئاللاھ رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرگە بولغانلىقىمىز ئۈچۈن ھۆرمەتلىك قىلدى، غەلبىگە ئىگە قىلدى، ئىسلام تارقىلىپ ئۇنىڭ ئەھلى كۆپەيدى، ئۇرۇشمۇ ئاخىرىقى چىكىگە يەتتى. بىز يۇرتداشلارنى، مال-مۈلۈكلەرنى، پەرزەنتلىرىمىزنى سېغىندۇق. ئەمدى ئائىلىمىزگە بېرىپ بالا-چاقىلىرىمىز بىلەن بىرگە تۇرىمىز دېيىشۋاتقىنىمىزدا، بىزگە «ئاللاھ يولىدا مال-جانلىرىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار، ئۆزەڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار» دېگەن ئايەت چۈشكەن. بۇ يەردىكى ھالاكەت جىھادنى تەرك ئېتىپ مال ۋە پەرزەنت بىلەن بىرگە تۇرۇشۇپلىشنى كۆرسىتىدۇ» دېگەن.

ئىكرەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ:«زۇمرەتۇ بىن ئەيىس كىسەللىك سەۋەبىدىن مەككىدىكى ئاجىزلار بىلەن بىللە ئىدى. ئۇ ھىجرەت توغرىسىدا چۈشكەن ئايەتنى ئاڭلاپ: مېنى چىقىرىڭلار دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى گىلەمگە ئېلىپ

ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن سەپەرگە چىقىپ، تەنئىم (مەككىدىن ئالتە كلومىتىر يىراقلىقتىكى جاي) دېگەن جايغا كەلگەندە ۋاپات بولۇپ كەتتى.

تەپسىر قۇرتۇبى(5-جىلد 349-بەت)دە ئىمام تەبەرانىنىڭ ھىمسىدە مىقداد ئىبنى ئەسۋەتنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن كىشىدىن رىۋايەت قىلىشىچە: ئۇ مىقداد ئەسۋەتنى بىر كاجىۋا ئۈستىدە جىھادقا تەييارلىنىۋاتقان ھالەتتە كۆردى، ئۇ چوڭ ۋە سىمىزلىكى تۈپەيلىدىن كاجۋىدىن يېرىمى ئېشىپ چىقىپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭغا: ئاللاھ سىنىڭ ئۆزرەڭنى قوبۇل قىلىدۇ دېيىلگەندە، ئۇ :بىزگە (ئېغىر-يىنىك ھالەتتە چىقىڭلار) دەپ ئۆيلىرىمىزدىن ئايرىلىپ جىھاد مەيدانىغا ئاتلىنىش ئۈچۈن ئايەت كەلدى، دەپ جاۋاب بەردى. زەھرى مۇنداق دەيدۇ: سەئىد ئىبنى مۇسەييىپ جىھادقا چىقىپ بىر كۆزىدىن ئايرىلغان ئىدى، كىشىلەر ئۇنىڭغا سىنىڭ كۆزۈڭ كور (چىقمىساڭمۇ بولىدۇ) دېيىشتى، ئۇ مۇنداق دېدى:«ئاللاھ ئېغىر-يىنىك ھەممىڭلار چىقىڭلار دېدى» ئەگەر ئۇرۇش قىلىشىمغا مۇمكىن بولمىسا قوشۇننىڭ سانىنى كۆپەيتىش ، يۈك تاقلىرىنى ساقلىشىپ بېرىشكە بولىسمۇ ئەسقاتىمەن»دېدى.

يەنە بەزى كىشىلەر رىۋايەت قىلىشىچە: «شامدىكى ئۇرۇشلارنىڭ بىرىدە، ئۇلار قاشلىرى كۆزلىرىنى يېپىلىۋاتقان بىر كىشىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا: ئەي تاغا! ئاللاھ سىنىڭ ئۆزرەڭنى قوبۇل قىلىدۇ، دېيىشتى. ئۇ كىشى مۇنداق دېدى:ئەي قېرىنداشىمنىڭ ئوغلى! ئاللاھ بىزنى ئېغىر-يىنىك ئەھۋالدا چىقىشقا بۇيرىغان تۇرسا.»

ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەمنىڭ ئۆلۈمى شۇنچە يېقىنلىشىپ قالغاندىمۇ دېگەنلىرىگە قاراڭ! ياچىقىمنى كۆردۈڭلارمۇ؟ ئۇ شۇنداق دېگەچ ياچىقىنى تۇتقان ھالدا ۋاپات بولدى ۋە ۋەزەنتىيەدىكى بىر ئارالغا دەپنە قىلىنغان

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك دېسىڭىز، ئۇ مۇسۇلمانلارغا تەۋە رايۇنلاردا ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش ئۈچۈن 2000 كلۇمېتىر يولنى ئاتلىق ۋە پىيادە باسقان.

زۇھەيىر بىن قەمىيرۇل مەرۋزى دېگەن كىشى مۇنداق دەيدۇ:«مەن قىرىق يىلدىن بېرى گۆش سېغىنىپ كېلىۋاتقان ئادەممەن. لېكىن ئارزۇيۇم ۋەزەنتىيە شەھىرىگە كىرىپ ئۇ يەردىن ئالغان غەنىمەتلەردىن يېيىش بولغانلىقى ئۈچۈن ھازىرغىچە يېمىدىم»

كۇفىنىڭ قازىسى ئۇرۋەت ئىبنى جەئىدنىڭ ئۆيىدە جىھاد ئۈچۈن داۋاملىق 70 ئات باغلاقلىق تۇراتتى.

مۇھەممەد ئىبنى ۋاسى ئىبادەت بىلەن ئۆتىدىغان، ھەمىشە جىھادقا تەييار تۇرىدىغان غازىلاردىن ئىدى. قۇتەيبە ئىبنى ئەلبەھىلى ئۇ كىشى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:«مۇھەممەد ئىبنى ۋاسىنىڭ ئەمەلىي كۆرەش مەيدانىدىكى ئاسمانغا ئىشارەت قىلىپ تۇرغان بىر تال بارمىقى مەن ئۈچۈن يۈز مىڭ ئۆتكۈر قىلىچ ۋە كۈچتۈگۈر يىگىتتىن سۆيۈملۈك ئىدى»

ئەھمەد ئىبنى ئىسھاق ئىبنى سەلەمى دېگەن كىشى مۇنداق دەيدۇ: «جەزىم قىلالايمەنكى مەن مۇشۇ قىلىچىم بىلەن مىڭ كاپىرنى ئۆلتۈردۈم. ئەگەر بىدئەت بولمايدىغان بولسا، بۇ قىلىچنى مەن بىلەن دەپنە قىلىشقا بۇيرۇيتتىم»

ئەبى ئابدۇللاھ بىن قەدۇس ئىسپانىيە خىرىستىيانلىرىنى كۆپ ئۆلتۈرگەنلىگى بىلەن مەشھۇر ئىدى. ناۋادا ناسارارنىڭ ئاتلىرى سۇ ئىچكىلى ئۇنىمىسا، نېمىشقا سۇ ئىچمەيسەن؟ قانداق سۇدا قەدۇسنى كۆردۈڭمۇ؟ دېيىشەتتى.

يولۋاسنى قامچىسى بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن بەدر ئىبنى ئەممارنى ماختاپ، مەتەنەببى مۇنداق يازىدۇ:

قامچا بىلەن شىر، يولۋاسنى يەكسان ئەيلىگەن،

قالقان، قىلىچ، شەمشىرىنى كىمگە قالدۇرغان.

ئىتالىيە گېنىراللىرىدىن بىرى ئۆمەر مۇختەر ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:« 21 ئاي ئىچىدە ئۆمەر مۇختەر بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز بىلەن 263 قېتىم ئۇرۇشتى. ئەمما ئۇنىڭ بارلىق ئۇرۇشلىرىنىڭ سانى مىڭغا يېتىدۇ»

ئىنگلىزلار شەيخ مۇھەممەد بىن پەرغالىنىڭ شەھەرگە كىرگىنىنى ئاڭلىسا گازارمىلاردا ھەربىي ھالەت ئېلان قىلاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە كىمكى ئۇنىڭ تىرىك ياكى ئۆلۈك ھالەتتە بېشىنى كەلتۈرسە 5000 جونەيد بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان ئىدى.

سۈۋەيش قانىلىدا ئىنگلىزلارنىڭ ۋەت-ۋەرىگىنى ئۇچۇرىۋەتكەن يۇسۇف تەلئەتلەر ئىنگلىزلارنى سويىدىغان قاسساپ دەپ ئاتىلاتتى. لېكىن ئابدۇ ناسىر ئۆزىنىڭ ئامېرىكىلىق خوجايىنلارنى رازى قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنى شەھىد قىلدى.

ئەھمەد شاھ مەسئۇتنىڭ ئاساسلىق ئادەملىرىدىن بىرى بولغان مۇھەممەد بەنە ۋە ئۇنىڭ گۇرۇپپىسى مىرسالاڭدا روسلارنىڭ يۈزلىگەن ماشىنلىرىنى ئولجا ئالغانلىقى ئۈچۈن، روسلار ئۇنى ئىنرال دەپ ئاتايتتى. ئابدۇللاھ ئەنەسنىڭ ماڭا سۆزلەپ بېرىشىچە بىر قېتىم روسلار ئۇنى كۆرگەندە، قورقۇنچتىن بەزىلەرنىڭ قوللىرىدىكى قوراللىرى چۈشۈپ كېتىپتۇ.

## 6. ئىسلام ئۈچۈن مۇستەھكەم قوماندانلىق مەركىزى تۇرغۇزۇش

روشەنكى زېمىن يۈزىدە مۇسۇلمانلار جەمىيىتىنى بەرپا قىلىش سۇ بىلەن ھاۋاغا ئوخشاشلا ئىنتايىن زۆرۈر. ئىسلام دىيارى جىھادنىڭ چاقىرىقىسىز، ئۇنىڭ بىلەن ئەمەلى ھەرىكەت ئېلىپ بارىدىغان ئۇرۇش قايناملىرىدا قان كېچىدىغان، سېستىمىلاشقان ئىسلام ھەرىكىتىسىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ. شۇنىڭدەك ھېچقانداق ئىسلام ھەرىكىتى ئومۇمى خەلقنىڭ جىھادىسىز مۇسۇلمانلار جەمىيىتىنى بەرپا قىلىش ياكى خاتىرجەم مۇھىت تەشكىللەش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالمايدۇ. ئاللاھ ھەممىدىن ئالىم.

ھەرىكەت دېمەك—ئومۇمى خەلقنىڭ جىھادى ئۈچۈن سوقىدىغان يۈرەك ۋە شۇنى ئويلايدىغان ئەقىل دېمەكتۇر. مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇ چوڭ-چوڭ ئۇسكۈنىلەرنى ئومۇمى خەلقنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان جىھاد ھەركىتى، ئاچچىق ئەمەلىيەتلەر، ساناقسىز قۇربان بېرىشلەر، ئېغىر ھادىسلەر جەريانىدا قەلبىنى پاكىزلاپ زېمىندىن خارلىقنى كۆتۈرۈش، تەڭگە-تىللالار، ناچار نەرسە كېرەكلەر، ئاداۋەت ئۇرۇقلىرى ھەققىدىكى پارچە-پۇرات

تالاش-تارتىشلارنى تۇگىتىپ روھىنى نۇرلاندۇردۇ. كارۋان چوڭقۇر ئازگاللارنىڭ مۇشاققەتلىرىدىن قۇتۇلۇپ، ئورمانلارنىڭ توسالغۇلىرىنى ۋە لاي پاتقاقلاردىن خالى ئىگىز چوققىلارغا قاراپ ئىلگىرلەيدۇ. ئۇزۇنغا سوزۇلغان جىھاد ھەركىتى جەريانىدا ياخشى قوماندانلار مەيدانغا كېلىدۇ. قۇربان بېرىش، ساخاۋەت ۋە ھەدىيەلەر جەريانىدا سالاھىيەتلەر ئاشكارلىنىپ ئەرلەرنىڭ باتۇر، مەردانىلىقى تونىلىدۇ. نىشان يۇقىرى بولسا ئەقىل كىچىك ئىشلارنى قويۇپ، خەلقىنىڭ ئارزۇسى، قەلبلەرنىڭ نىشانى بولالايدىغان بۈيۈك ئىشلارغا مەركەزلىشىدۇ. جەمىيەتنىڭ تەبئىيتى خۇددى بىر توختام سۇغا ئوخشايدۇ. توختام سۇدا نۇرغۇن ئەخلەت-چاۋالار، قۇرۇت-قۇڭغۇزلار لەيلەپ قالغىنى بىلەن ئېقىن سۇدا لەيلەپ تۇرالمايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش جىمجىت ھالەتتىن ھەقىقىي قوماندانلار ھەرگىزمۇ مەيدانغا كەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار خەير-ساخاۋەت مەيدانى ئەمەس بەلكى ئەمەلىي ھەرىكەت، ئەمگەك ۋە قۇربان بېرىش مەيدانلىرىدىن مەيدانغا كېلىدۇ.

ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) قاتارلىقلار پەقەت بۈيۈك خىزمەتلەر، چوڭقۇر قۇربان بېرىشلەر جەريانىدىلا يېتىشىپ چىققان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەبۇ بەكرنى خەلىپە سايلىغان ۋاقىتتا، كىشىلەر سايلىغۇچىلارنىڭ سانىغا پەرۋا قىلماستىن، ئۇنىڭ رەھبەرلىكىگە بىردەك قوشۇلغان. چۈنكى ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ روھى جەننەتتىن ئورۇن ئالغاندىن كېيىن، كىشلەرنىڭ نەزىرىدە رەھبەرلىك ئۈچۈن ئەبۇ بەكرىدىنمۇ ياخشىراق(مۇۋاپىقراق) ئىككىنچى بىرى يوق ئىدى.

مۇسۇلمان رەھبەرلىرىنىڭ جىھاد قىلىش جەريانىدا ئاققۇزغان قان-تەرلىرى ۋە ئاز بولمىغان قۇربانلىقلىرى بەدىلىگە قولغا كەلتۈرىدىغان شىرىن كۆرەش مېۋىلىرىنى ھەرگىزمۇ ئاسانلا ۋەيران قىلىپ تاشلىغىلى بولمايدۇ. ئەمما ئۇنىڭغا ئەكسىچە ئەلچىخانىلارنىڭ پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ ھەرخىل سىياسى ئۆزگۈرۈشلەرنى قوزغىشى بەدىلىگە ئاسانلا قولغا كەلگەن كۆرەش نەتىجىلىرىنى يەنە شۇنداق ئاسان يىكار قىلىۋەتكىلى بولىدۇ. ئۇزۇنغا سوزۇلغان

جىهاد ھەركىتى جەريانىدا يېتىشىپ چىققان مۇجاھىد خەلقنىڭ ئۆز رەھبەرلىگىگە تۈزكورلۇق قىلىشى ياكى ھوقۇقتىن ئېلىپ تاشلاشقا سۇيىقەست ئىشلىتىشى ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنى ئۆز قەھرىمانلىرىنىڭ تارىخى ئىزلىرىدىن شۆبھىلەندۈرۈشمۇ دۈشمەنلەرگە ئاسانغا توختىمايدۇ. ئۇزۇنغا سوزۇلغان جىهاد ھەركىتىدىن مۇسۇلمانلار شۇنى ھىس قىلىدۇكى، ئىسلام ئىجتىمائىي جەمئىيىتىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئورتاق قۇربان بېرىش، ئورتاق بەدەل تۆلەش قىسقىسى بۇ يېڭىش جەمئىيەتنىڭ قايتىدىن تۇغۇلىشى ئۈچۈن ھەممە ئورتاق بىر قېتىملىق ئاچچىق تۇغۇت ئازابى تارتىشى لازىم. شۇنداق، ئىسلام ئىجتىمائى جەمئىيىتى يېڭىدىن تۇغۇلىشى، تۇغۇش ئۈچۈن ھامىلدار بولىشى كېرەك. ھامىلدار بولغاندىن كېيىن دەرت-ئەلىمىنى تارتىشتىن باشقا چارە يوق. ئۇزۇنغا سوزۇلغان جىهاد ھەركىتى جىمجىت ۋەزىيەت، خەلق ئادەتلىنىپ كەتكەن راھەت-پاراغەت ۋە ھاكاۋۇرلۇقنى تۆگىتىپ مىللەت روھىدىكى ھۇرۇنلۇقنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ.

## 7-زېمىندا بوزەك قىلىنغانلارنى ھىمايە قىلىش

شەكسىزكى جىهادنىڭ بۈيرۈلىشى زېمىندا بوزەك قىلىنغان مۇسۇلمانلارنى ھىمايە قىلىش، قوغداش ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى زۇلۇمنى تۈگىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۆمىنلەر!) سىلەرگە نېمە بولدىكى، ئاللاھنىڭ يولىدا جىهاد قىلمايسىلەر ۋە (دۇئا قىلىپ):«ئى پەرۋەردىگارىمىز! بۇ ئاھالىسى زالىم شەھەردىن بىزنى چىقارغىن، ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىنى مۇيەسسەر قىل، ئۆز دەرگاھىڭدىن بىزگە بىر مەدەتكارنى مۇيەسسەر قىل» دەيدىغان ئاجىز ئەرلەر، ئاجىز ئاياللار ۋە بالىلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جىهاد قىلمايسىلەر» (سۈرە نىسا 75-ئايەت). ئايەتنىڭ مەنىسى:«ئاللاھ يولىدا بوزەك قىلىنغانلارنىڭ يولىدا دېگەن بولىدۇ. ئەگەر بىر مۇسۇلمان ئايال ئەسىرگە چۈشۈپ قالسا، جان ۋە مال بىلەن جىهاد قىلىش پەرز ئەيىنلىككە ئايلىنىدىغانلىقىغا بارلىق فىقھشۇناسلار بىرلىككە كەلگەن. «بەززەزىيە» دېگەن كىتابتا

«شەرقتە بىر ئايال ئەسىرگە چۈشكەن بولسا، غەرب ئەھلىگە ئۇنى قۇتقۇزۇش ۋاجىب بولىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن.

بىر قېتىم مەن ئافغانىستاننىڭ لوگار ۋىلايىتىدە ھېكمەتيار بىلەن بىرگە ئىدىم. ۋىلايەت مەركىزى قاتتىق زەربىگە ئۇچرىدى. بۇ چاغدا ۋىلايەتتىكى باللار قىيا-چىيا قىلىشتى ۋە ياشانغان ئاياللارنىڭ تىللىرى ھېكمەتيارغا دۇئا قىلىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ كەتتى. ئىسلام دىنى زېمىندا ئادالەت يۈرگۈزۈش ئۈچۈن كەلگەن. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:« بىز ھەقىقەتەن پەيغەمبەرىمىزنى روشەن مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتتۇق ۋە ئۇلار بىلەن بىللە، ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپە قىلسۇن دەپ كىتابنى، قانۇننى چۈشۈردۇق» (سۈرە ھەدىد 25-ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

## 8-جەننەتتە ئالىي مەرتىۋىگە ئېرىشىش ئۈچۈن شەھىدلىكنى ئارزۇ قىلىش

ئىمام ئەھمەد ۋە تېرمىزىنىڭ مىقدامدىن بايان قىلغان بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېيىلگەن:«شەھىدلىك ئۈچۈن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا يەتتە خىل خىسلەت بار:1.دەسلەپكى بىر تامچە قېنى تۆكۈلىشى بىلەن الله نىڭ مەغفىرەت قىلىشىغا ئېرىشىدۇ.

2.ئۆزىنىڭ جەننەتتىكى ئورنىنى كۆرىدۇ ۋە ئىماننىڭ تەمىنى تېتىيدۇ

3.ھۆرلەردىن 72 سى ئۇنىڭ نىكاھىغا ئۆتىدۇ.

4.قىيامەتنىڭ قورقۇنچلىرىدىن خالىي بولىدۇ.

5.قەبرە ئازابىدىن يىراق بولىدۇ.

6.ئۇنىڭ بېشىغا ھەر بىر تال ياقۇتى دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق نەرسىلەرنىڭ قىممىتىدىن يوقىرى تۇرىدىغان «تاجىل ۋىقار(ئۇلۇغلار تاجى)» كەيگۈزۈلىدۇ.

7.ئۆز ئۇرۇق-تۇققانلىرىدىن 70 كىشىنى شاپائەت قىلالايدۇ.» --سەھىھۇل جامى 5058-بەت

ئىمام بۇخارى ئەبۇ ھۇرەيرىدىن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان

قىلىدۇ:«جەننەتتە اللە تائالا مۇجاھىدلار ئۈچۈن 100 دەرىجە تەييارلىدى. ھەر ئىككى دەرىجىنىڭ ئارلىقى ئاسمان زېمىننىڭ ئارلىقىچىلىك بار. ئەگەر تەلەپ قىلساڭلار فىردەۋسنى تىلەڭلار» فەتقۇل بارى، 6 ـ جىلد 9 ـ بەت.

## 9 ـ جىھاد مۇسۇلمانلارنىڭ ئىززىتىنى قوغدايدۇ ۋە ئۇلارنى خارلىقتىن قۇتقۇزىۋالىدۇ

ئىمام ئەھمەد ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ:«ئەگەر كىشىلەر دەرھەم، دىنارلارنىڭ كەينىگە كىرىپ، دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەرگە مۇھەببەت كۆزى بىلەن قاراپ، كالىنىڭ قۇيرۇقىغا(دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا) ئەگىشىپ كەتسە، اللە ئۇلارنىڭ ئۈستىگە خارلىقنى (مۇستەبىت ھۆكۈمران كۈچلەرنى) كەلتۈرۈپ تاكى ئۇلار ئۆز دىنلىرىغا قايتقانغا قەدەر ئۇ خارلىقتىن خالاس قىلمايدۇ» جامىئۇل سەھىھ 688 ـ بەت.

## 10 ـ جىھاد مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلۇغلىقى ۋە ھەيۋىسىنى ئاشۇرۇپ، دۈشمەنلەرنىڭ ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىگە تاقابىل تۇرىدۇ

بۇ ھەقتە اللە مۇنداق دەيدۇ:«(ئى مۇھەممەد) اللە نىڭ يولىدا جىھاد قىلغىن ( يەنى ئۆزەڭ يالغۇز بولساڭمۇ جىھاد قىلغىن، ساڭا غەلبە ۋەدە قىلىنغان. مۇنافىقلارنىڭ جىھادتىن قېلىپ قالغانلىقىغا ئەھمىيەت بېرىپ كەتمە). سەن پەقەت ئۆزەڭگىلا جاۋابكارسەن، مۆمىنلەرنى (جىھادقا) قىزىقتۇرغىن، اللە نىڭ كاپىرلار كۈچىنى توسىدىغانلىقىمۇ ھەقىقەتتۇر. اللە نىڭ كۈچى ئەڭ زوردۇر، اللە نىڭ جازاسى ئەڭ قاتتىقتۇر» (سۈرە نىسا 84 ـ ئايەت.)

بىر سەھىھ ھەدىستە ئىمام ئەھمەد ۋە داۋۇد شۇ ئىبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:« رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: دۇنيادىكى مىللەتلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن سىلەرگە (سىلەرنى بوزەك قىلىش ئۈچۈن) بىر ـ بىرىنى چاقىرىشىدۇ.

گويا داستىخانلىرىدىكى تاماققا چاقىرىشقاندەك. ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى شۇ كۈنلەردە (مۇسۇلمانلار)نىڭ كەملىكىدىن شۇنداق بولامدۇ؟ دېيىلدى. رەسۇلۇللاھ جاۋاب بېرىپ: ياق. لېكىن سىلەر سەلنىڭ كۆپۈكىگە ئوخشايسىلەر، قەلبىڭلاردىن ئاجىزلىق ئورۇن ئالىدۇ. ئۆلۈمدىن قېچىپ دۇنياغا مۇھەببەت بىلەن قارىغىنىڭلار سەۋەبلىك دۈشمىنىڭلارنىڭ قەلبىدىن ھەيۋىتىڭلار يوقاپ كېتىدۇ» جامىئۇل سەھىھ 8035 ـ بەت.

## 11 ـ جىھادنىڭ مەقسىدى زېمىننى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئۇنى بۇزۇقچىلىقتىن قوغداش

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:«الله ئىنسانلارنى بەزىسىنى بەزىسى بىلەن مۇداپىئە قىلىپ تۇرمىسا (يەنى كۈچلۈك تاجاۋۇزچىغا ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك بولغان بىرسىنى ئاپىرىدە قىلمىسا ) ئىدى، يەر يۈزى ئەلۋەتتە پاساتقا ئايلىناتتى» ـ ـ سۈرە بەقەرە 251 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى

## 12 ـ جىھاد ئىسلام ئەھكاملىرىنى قوغدايدۇ

بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:«ئەگەر الله ئىنسانلارنى بىر ـ بىرىگە قارشى قىلىپ كۆرسەتكۈزمىگەن بولسا، راھىبلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى، چىركاۋلار، يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى ۋە الله نىڭ نامى كۆپ يادلىنىدىغان مەسجىدلەر ئەلۋەتتە ۋەيران قىلىناتتى» سۈرە ھەج 40 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## 13 ـ جىھاد مۇسۇلمانلارنى ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن ۋە ئۆزگۈرۈپ كېتىشتىن قوغدايدۇ

الله بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:«ئەگەر سىلەر جىھادقا چىقمىساڭلار الله سىلەرگە قاتتىق ئازاب قىلىدۇ، (سىلەرنى ھالاك قىلىدۇ) ئورنۇڭلارغا سىلەردىن باشقا بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ» سۈرە تەۋبە 39 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى

## 14 ـ جىھاد مۇسۇلمانلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى قوغدايدۇ

ئىمام ئەھمەد ھەزرىتى ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلغان بىر سەھىھ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« الله مېنىڭ رىزقىمنى نەيزەمنىڭ سايىسىدا قىلدى» سەھىھۇل جامى 2828 ـ بەت.

## 15 ـ جىھاد ئىسلامنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى

بىر سەھىھ ھەدىستە ھەزرىتى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:« ھەممىنىڭ يۇقىرى پەللىسى جىھاد» مۇسۇلمانلارنىڭ رەھبانىيىتى (يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ تەرك دۇنيا بولۇشى) جىھاد بىلەن بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:«سەن جىھاد قىلىشىڭ لازىم. چۈنكى جىھاد ئىسلامنىڭ زاھىدلىقىدۇر».

## 16 ـ جىھاد مۇسۇلمانلارنى يۇقىرى دەرىجىگە ئېرىشتۈرىدىغان ئەڭ ئەۋزەل ئىبادەتتۇر

فازىل ئىبنى زىياد مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ ئابدۇللاھ ئەھمەد بىن ھەنبەل دۈشمەننىڭ ئىشلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندە يىغلاپ تۇرۇپ « دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشتىنمۇ ئەۋزەل، ياخشى ئىش يوق» دېگەنلىگىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ. بۇ ھەقتە يەنە بىر كىشى مۇنداق دېگەن:«دۈشمەن بىلەن روبىرو تۇرغانغا ھېچنەرسە تەڭ بولالمايدۇ». جىھاد مەيدانىغا ئۆزى كەلگەنلىك ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ھېسابلىنىدۇ. دۈشمەن بىلەن ئېلىشىۋاتقان كىشىلەر ئىسلامنىڭ قوغدىغۇچىلىرى، مىللەتنىڭ ئاسرىغۇچىلىرى تۇرسا، ئۇنىڭدىنمۇ پەزىلەتلىك خىزمەت بارمۇ؟ كىشىلەر ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇۋېلىپ (ئۇرۇشنىڭ ) زىيان ـ زەخمەتلىرىدىن خاتىرجەم بولغان بولسىمۇ، قورقۇنچتىن جانلىرى چىقىپ كېتىپ

باربدۇ. قېنى سىز ئېيتىپ بېقىڭچۇ!؟ ئۇلارنىڭ قايىسىسىنىڭ خىزمىتى ئەڭ ياخشى، جەننەتتە الله يولىدا جىهاد قىلغان مۇجاھىدلار ئۈچۈن الله تائالا يۈز دەرىجە هازىرلىدى. هەر ئىككى دەرىجىنىڭ ئارلىقى ئاسمان بىلەن زېمىنىنىڭ ئارلىقچىلىك كېلىدۇ.

# 2 ـ باب

# ئاھ ئىسلام!!!!

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەراكاتۇھۇ

ئى مۇسۇلمان قېرىنداشلار! ئافغانىستان مۇسۇلمان خەلقىگە كەلگەن ئېغىر دەرىجىدىكى قۇربان بېرىشلەر سىلەرگە سىر ئەمەس. مىلادى 1978 ـ يىلى مەيدانغا كەلگەن نۇر تۇراقىنىڭ كوممۇنىستىك ئىنقىلاۋىدىن تا ھازىرغا قەدەر سەككىز يىل سەككىز ئاي ئۆتتى. بۇ جەرياندا ئافغانىستاندىكى مۇسۇلمانلار ئۆز دىنىنى، ئىززەت ـ ئابرويىنى، ئار ـ نۇمۇسىنى، بالا ـ چاقىلىرىنى قوغداش يولىدا ئىنسانىيەت تاقەت قىلالايدىغان دائىرە ئىچىدىكى بارلىق ئېغىرچىلىقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. ماتەم ـ مۇسىبەتتىن، غېرىب ـ يېتىمچىلىكتىن خالىي بىرمۇ ئۆي قالمىدى. دەريالاپ ئاققان قانلار، ئىزىلگەن روھلار، تىتما ـ تىتما بولۇپ كەتكەن پۇت ـ قول ۋە سۆڭەكلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە اللە گۇۋاھ. ئۇلار اللەغا ئەڭ ئۆزرىلىك. ئۇ يەردە ئېتىلمىغان ياچاق قالمىدى. ئوقدانلارنىڭ ئوقلىرى تۈگەشكە ئاز قالدى. مۇشۇ ئۇزۇن مۇددەت جەريانىدا ئافغان خەلقى ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىدىن ئۆز تۇپلىرىغا قېتىلىشىنى، بىرلىكتە دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ئىسلام قېرىنداشلىقىنىڭ قوزغىلىشىنى كۈتتى. لېكىن مۇسۇلمانلار گويا ھازىدار ئايالللارنىڭ تاقەتسىز يىغلاشلىرى، يېتىملارنىڭ كۆلپەتلىك ئىڭراشلىرى، ياردار، مېيىپلارنىڭ ئازابلىق تولغىنىشلىرى، قېرىلارنىڭ ھەسرەتلىك ئاھ ئۇرۇشلىرىغا نىسبەتەن، قۇلاقلىرى پۈتۈپ قالغاندەك ھېلىغىچە ئۇلارنىڭ نىدالىرىغا نەزەر ئېتىبارىنى قارىتىشمىدى. نۇرغۇنلىغان ياخشى كىشىلەر تائاملىرىنىڭ ئېشىندىلىرىدىن، داستىخانلىرىنىڭ قېقىندىلىرىدىن بولۇپ ئازراق بىر نەرسە ئەۋەتىش بىلەن كۇپايىلەندى. ئەمەلىيەتتە بولسا

ئىش ئۇلار ئويلىغاندىنمۇ چوڭ، خەتەر ئۇنىڭدىنمۇ زور. ئافغانىستاندا ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار ئېغىر كۆلپەتكە، خەتەرلىك تەھدىتكە دۇچ كەلمەكتە. بۇ مۇبارەك جىهاد ئۆزلىرىنى الله يولىغا ئاتىۋەتكەن بى گۇرۇپ ئالىملار ۋە ئىسلام يولىدا تەربىيلەنگەن بىر تۈركۈم ياشلارنىڭ قولىدا مەيدانغا كەلدى. لېكىن، بۇ بىرىنچى ئەۋلادنىڭ كۆپىنچىسى شاھادەت يولىدا تۈگەشكەن بولسا، ئىككىنچى ئەۋلاد ئۇلارنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ساخاۋەتچىلەر بىلەن دىدارلىشالماي، تەربىيە ۋە يول-يۇرۇقلاردىن ئالىدىغان نىسۋىگە مۇيەسسەر بولالمىدى. دېمەك ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن بىرگە ياشاپ ئۇلارنى الله بىلەن يېقىنلاشتۇرىدىغانلارغا ۋە يەنە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى چۈشەندۈرىدىغانلارغا تولىمۇ مۇھتاج.

ئىقتىدارىمىز ئاجىز، بىلىمىمىز تۆۋەن بولسىمۇ، شۇنىڭدىن جەزم قىلالايمىزكى، ئافغانىستاندىكى هازىرقى رىئال ئەھۋالدا جىهاد قىلىش بولسا تۆت مەزھەب فىقهشۇناسلىرى، تەپسىرشۇناسلىرى ۋە قانۇنشۇناسلىرى قارار قىلغاندەك «پەرز ئەيىن» دەرىجىسىگە يەتتى.

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە ئۆزىنىڭ «فەتىۋا ئەلكۇبرا» دېگەن كىتابىنىڭ 4-جىلد 608- بېتىدە مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ:«ئەگەر دۈشمەن ئىسلام دىيارىغا باستۇرۇپ كىرسە، شەكسىزكى ئۇلارغا قارشى تۇرۇش يېقىندىكىلەرگە( ئۇلارنىڭ تاقىتى يەتمىگەندە ئەتراپىدىكىلەرگە) ۋاجىب. بۇنداق چاغدا بالا ئاتا-ئانىنىڭ، قەرزدار قەرز ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز جىهادقا ئاتلىنىش پەرز». بۇ دەلىلنى ئىمام ئەھمەد بىن ھەمبەل ئۇچۇق كۆرسەتكەن. «مەجمۇئەتۇل فەتۋا» دېگەن كىتابىنىڭ 28-جىلد 258-بېتىدە «ئەگەر دۈشمەن مۇسۇلمانلار زېمىنىغا هۇجۇم قىلىشنى مەقسەت قىلسا، شۇ رايۇندىكى بارلىق كىشىلەرگە دەرهال جىهادقا ئاتلىنىش ۋاجىب بولىدۇ ۋە شۇ رايۇن بىلەن ئالاقىدار باشقا مۇسۇلمانلارغىمۇ ۋاجىب بولىدۇ» دەپ بايان قىلغان. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:«

ئەگەر ئۇلار سىلەردىن دىن ئىشىدا ياردەم سورىسا ياردەم بېرىشىڭلار زۆرۈر». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇسۇلمانلارغا ياردەم بېرىشكە بۇيرىغىنىغا ئوخشاش، مەيلى ئۇرۇشتا نىسۋىسى بار ئادەم بولسۇن، ياكى نىسۋىسى يوق ئادەم بولسۇ، ھەممەيلەن ئاتلىق ياكى پىيادە، ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولىشىدىن قەتئىينەزەر مال ۋە جانلىرى بىلەن ئىمكانىيەتىنىڭ يېتىشىچە جىھادقا ئاتلىنىشى ۋاجىب. گويا خەندەك غازىتىدا دۈشمەنلەر مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلىشنى ئويلاشقاندا الله تائالا ھېچكىمنىڭ جىھادتىن رۇخسەت ئېلىشىغا يول قويمىغىنىغا ئوخشاش.

بۇ ھەقتە تۆت مەزھەب فىقھىشۇناسلىرى بىردەك، كۆز يۇمۇش ۋە ئۆزگەرتىش مۇمكىن بولمايدىغان ناھايىتى روشەن دەلىللەرنى كەلتۈرگەن.

ئىبنى ئابىددىن ئەلھەنەفى ئۆز شەرھىسىنىڭ 3-جىلىد 238-بېتىدە مۇنداق دەيدۇ:«ئەگەر دۈشمەن ئىسلام دۆلىتىنىڭ چېگرىسى تەرەپكە ھۇجۇم باشلىسا، شۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن جىھاد پەرز ئەيىن بولىدۇ. شۇ ئەتراپىدا ئۇلارغا يېقىن خوشنا دۆلەتلەردىكىلەرگىمۇ پەرز ئەينلىككە ئايلىنىدۇ. ئەمما دۈشمەنگە بىر ئاز يىراق كىلىدىغان كىشىلەرگە نىسبەتەن (جىھاد مەيدانىدىكىلەر ئۇلارنىڭ ياردىمىگە مۇھتاج بولمىسا) پەرز كۇفايە ھالىتىدە قېلىپ قالىدۇ. دۈشمەنگە يېقىن تۇرغان كىشىلەر ئۇلارغا قارشى تۇرۇشقا ئاجىز كېلىپ قېلىش سەۋەپلىك يىراقتىكىلەرگە ئېھتىياجى چۈشۈپ ياكى ئاجىز كەلمىسىمۇ، ھورۇنلۇق قىلىپ جىھاد قىلمىغان بولسا، جىھاد تاشلاپ قويۇشقا بولمايدىغان ناماز، روزىغا ئوخشاشلا ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكىلەرگە پەرز ئەينلىككە ئايلىنىدۇ. شۇندا داۋاملىشىۋەرسە ئاخىرى شەرق ۋە غەربىتىكى بارلىق ئىسلام ئەھلىگە جىھاد پەرز ئەينلىككە ئايلىنىدۇ.

بۇنىڭغا ئوخشاش روشەن دەلىللەر ئىمام كەسەنى ئەلھەنەفىنىڭ «بەدە ....» ناملىق كىتابىنىڭ 5-جىلد 72-بېتىدە، ئىبنى نەجىم ئەلھەنەفىنىڭ «ئەلبەھرۇ رائىق» دېگەن

كىتابىنىڭ 5 ـ جىلىد 72 ـ بېتىدە، ئىبنى ئەلهامامنىڭ «فەتهۇل قەدىر» دېگەن كىتابىنىڭ 5 ـ جىلىد 191 ـ بېتىدە كەلتۈرگەن. ئەگەر ۋاقتىڭىز چىقىپ قالسا «خاشىيە ئەلدىسۇقۇل مالىكى» دېگەن كىتابىنىڭ 2 ـ جىلىد 174 ـ بېتىگە، ئىبنى قۇدامەتۇل ھەمبەلىنىنىڭ «ئەل مۇغنى» دېگەن كىتابىنىڭ 8 ـ جىلىد345 ـ بېتىگە نەزىرىڭىزنى ئاغدۇرسىڭىز بولىدۇ.

بىر قىسىم كىشىلەر «كۆپلىگەن ئافغان خەلقىنى تەربىيە جەھەتتە قوبۇل قىلغۇدەك ئىسلام سەۋىيەسىدە ئەمەس» دېيىشىپ مەيۇسلەنمەكتە. يانا بىر قىسىم كىشىلەر بەزىبىر قارمۇ ـ قارشىلىقلار (ئوخشىماسلىقلار) تۈپەيلى ئۆزلىرىنى جەڭگە چىقماسلىققا باھانە ھىسابلاشماقتا. ئەمما قوماندانىنىڭ قانداقلىقىغا قارىماستىن جىهادنىڭ يەنىلا ۋاجىپ بولىۋېرىدىغانلىقىغا نۇرغۇنلىغان فىقھشۇناسلارنىڭ كەلتۈرگەن دەلىللىرى ئېنىق دەلىل بولالايدۇ.

مانا بۇ ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ يولى: جىهاد ياخشىلار ۋە گۇناھكارلار بىلەن بولىدۇ. شەكسىزكى الله تائالا بۇ دىننى پاسىق ئەر ۋە ئەخلاقسىز قەۋملەر بىلەن كۈچلەندۈرىدۇ. مانا مۇشۇ ئۈممەتنىڭ، اللهغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرگەن كىشىلەرنىڭ قەدىمى ۋە ھازىرقى تاللىۋالغان بۈيۈك يولى بولۇپ، ھەر بىر مەسئۇلىيەت ئىگىسىگە شۇنداق قىلىش ۋاجىب. باشقىلار بىلەن گۇناھكار بولسىمۇ ياكى كۆپ گۇناھ ئۆتكۈزىدىغان ئەسكەر بولسىمۇ يەنىلا بىرگە جىهاد قىلىشنى تەرك ئېتىش بىر قىسىم خاۋارىجلارنىڭ يولى بولۇپ، كىمكى شۇ يولنى تۇتىدىكەن بىلمىسىزلىكتىن خاتالىشىپ كەتكەن نادان ئۆسمۈرنىڭ يولىنى تۇتقان بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆز شەھىرىدە تۇرۇشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىگىنى باھانە قىلىپ (ئۆزرە) ھىسابلىشىدۇ. بىز ئۇلارغا ئىمام زۇھەيرىنىڭ بۇ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرىمىز:«سەئىد ئىبنى مۇسەييىب جىهادقا چىقتى. ۋەھالەنكى ئۇ بىر كۆزىدىن ئاللىقاچان(ئالدىنقى جەڭلەردە) ئايرىلغان ئىدى. ئۇنىڭغا: سىز كېسەل ئارام ئېلىڭ دېيىلگەندە، ئۇ: الله ئېغىر ـ يىنىك ھالەتتە

جىھادقا چىقىشقا بۇيرىدى، ئۇرۇشقا قاتنىششقا مادارىم يەتمىسە، قوشۇننىڭ سانىنى كۆپەيتىپ، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ساقلاپ بەرسەممۇ بولىدىغۇ ـ دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى»

قېنى كىمنىڭ ئورنى ۋە ئىلمى پەيغەمبەرلىكنىڭ ۋارىسى، تابىئىنلارنىڭ سەردارى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېيىن ئاتىسى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئورنىغا تەڭلىشەلەيدۇ؟ ئۇ زاتمۇ دائىم جىھادقا قاتنىشىپ تۇراتتىغۇ؟

سەل قىرغاقتىن تاشتى، پىچاق ئاللىقاچان سۆڭەككە يەتتى، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ھەممە ئىش بىردەك قىيىنلاشتى. شۇنداق ئىكەن جىھادقا ھازىر ئاتلانماي قاچان ئاتلىنىسىز؟ ئۇرۇشقا ئاتلانماي يېتىۋېلىش قاچانغىچە داۋاملىشار؟ بارلىق فىقھشۇناسلار «بەززەرىيا» دېگەن كىتابتا «شەرىقتە بىر مۇسۇلمان ئايال ئەسىرگە ئېلىنغان بولسا غەرب ئەھلىگىچە (پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغىچە) ئۇنى قۇتقۇلدۇرۇش ۋاجىب بولىدۇ دەپ پەتىۋا بېرىشكەن بوسىچۇ؟ كاشكى!

بىزنىڭ ئالىملىرىمىز چىملىدىقلىرى ئىچىدە ئار ـ نومۇسلىرى دەپسەندە قىلىنىۋاتقان مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان مۇسۇلمان ئاياللار ھەققىدە نېمە دەپ پەتىۋا بېرىشىدىكىن؟!!!

ئەگەر ئايال كىشى ئار ـ نومۇسىنىڭ دەپسەندە بولىشىدىن قورققان ئەھۋالدا ئۆزىنى ئەسىرلىككە تاپشۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىغا بارلىق ئالىملار بىرلىككە كەلگەن. ئەمدى كوممۇنىست ئەسكەرلىرىنىڭ قولىدا نومۇسىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىدىن قېچىپ ئۆزلىرىنى كۆنەر دەرياسىغا تاشلاپ ئۆلىۋالغان ئاياللار ھەققىدە نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىدىكىن.

سىز بالايى ـ ئاپەتنىڭ ئەتراپىمىزدا ئايلىنىشىدىن، ئىشنىڭ نومۇسىڭىزغا بېرىپ تاقىلىشىدىن قورقمامسىز؟

ئەبۇ داۋۇد «سەھىھ جامى» نىڭ 5556 ـ بېتىدە ھەزرىتى جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:« كىمكى بىر مۇسۇلماننى يۈز ـ ئابرويى تۆكىلىۋاتقان، ئىززەت ـ ھۆرمىتى دەخلە ـ تەرۇزغا ئۇچرىغان ماكاندا خورلايدىكەن، الله ئۇ كىشىنى ئۆزىگە

ياردەم كىلىشنى كۈتكەن بىر ماكاندا خورلاپ قويىدۇ. يەنە كىمكى بىر مۇسۇلمانغا يۈز-ئابرويى تۆكۈلۈپ، ئىززەت-ھۆرمىتى دەخلە-تەرۇزغا ئۇچرىغان بىر ماكاندا ياردەم قولىنى سۇنىدىكەن، اللە ئۇ كىشىگە ئۆزىگە ياردەم كىلىشنى كۈتكەن بىر ماكاندا ياردەم بىرىدۇ».

يۈز-ئابرويىڭلار توغرىسىدا ئويلىنىڭلار!! خۇدادىن قورقۇڭلار!

ھەببان ئىبنى مۇسا مۇنداق دەيدۇ:« ئىبنى مۇبارەك بىلەن بىرگە شامغا مۇھاپىزەتچىلىككە چىققان ئىدۇق، ئۇ ھەر كۈنى كىشىلەرنىڭ ئىبادەت بىلەن، جىھاد بىلەن توپ-توپ قۇشۇن بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن ماڭا بۇرۇلۇپ مۇنداق دېدى:«ئىننا لىللاھى ۋە ئىننا ئىلەيھى راجىئۇن (بىز اللەنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز ، چۇقۇم اللەنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز) ؟ بىز بۇ يەردە جەننەتنىڭ ئىشىگىنى ئۇچۇق تاشلاپ قۇيۇپ، ھاياتىمىزنىڭ كېچە-كۈندۈزلەپ مەخلۇقلار ۋە ھۇجەيرىلەر دائىرىسىدىكى بىلىملەرنى ئۇگۇنۇش بىلەن زازا قىلىپتۇق»

ئابدۇللاھ ئىبنى مۇبارەك ھەر يىلى ئىككى ئاي ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك ۋاقتىنى تىجارىتىنى ۋە ھەدىس دەرىسىنى توختىتىپ چىگرا قوغداشقا چىقاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ پۈتۈن ھاياتىنى مۇداپىئە ئىشلىرىدا ئۆتكۈزەلمىگەنلىگىنى ۋە ئۇ ھەقتىكى بىلىملەر بىلەن شۇغۇللىنالمىغانلىقتىن كۆپ يىغلايتتى. لېكىن ھاياتىدا اللە يولىدا بىر تال ئوق ئېتىپ باقمىغان كىشىلەر ئۆزلىرى ھەققىدە نېمىلەرنى دېيىشەركىن؟!!

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاپاتىمۇ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئوسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قوشۇنىنى ئاتلاندۇرۇشتىن غەپلەتتە قالدۇرالمىدى. ئەبۇ بەكرى سىددىن رەزىلەللاھۇ ئەنھۇ ئوسامەنىڭ قۇشۇنىنى ئاتلاندۇرۇشقا تەمشىلىۋاتقاندا، ساھابىلەر ئۇنى نىيتىدىن قايتۇرۇشقا تىرىشتى، شۇ چاغدا ئۇ:«اللە بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ پۇتلىرىغا ئىتلار ئېسىلىۋالغان تەغدىردىمۇ

رەسۇلۇللاھ ئۆزى ئاتلىنىشقا بۇيرىغان بۇ قوشۇننى مەن توختۇرۇپ قالالمايمەن ۋە ئۇ چەگكەن بايراقنى مەن يېشەلمەيمەن» دېگەن مەشھۇر سۆزنى جاكارلىدى. الله پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دوستىنىڭ ئاخىرقى ۋەسىيىتىنىڭمۇ كىشىلەرنى جىھادقا قىزىقتۇرۇش بولىشىنى ئىرادە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ بەكرى سىددىق ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى چاقىرىپ مۇنداق دېدى:« ئۆمەر ماڭا قولاق سالغىن! ساڭا ئەمەل قىلىشىڭ زۆرۈر بولغان بىر سۆزنى ئېيتىمەن، مەن بۈگۈنكى يەنى دۈشەنبە كۈندە ۋاپات بولىشىنى ئارزۇ قىلىمەن. ئەگەر مەن ۋاپات بولۇپ كەتسەم، كەچ بولۇشنى كۈتمەي كىشىلەرنى «مۇسەننە» نىڭ يېتەكچىلىكىدە جەڭگە ئاتلاندۇرگىن. ئەگەر كېچىكىپ قالسام، تاڭ ئېتىشقا قارىماي ئۇلارنى يولغا سېلىڭلار! مۇسىبەت سىلەرنى ئالدىراش قىلىپ قويمىسۇ، دىنىڭلارنىڭ ئىشى، پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ يولىيۇرىقى ھەممىدىن مۇھىمدۇر. سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات بولغان چېغىدا مېنى كۆرگەن ۋە نېمىلەرنى قىلغانلىغىمغا شاھىد بولغان ئىدىڭ. ئەمەلىيەتتە كىشىلەر ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئارتۇقراق مۇسىبەت يوق ئىدى. الله بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر مەن الله نىڭ رەسۇلىنىڭ بۇيرۇقىنى كېچىكتۈرگەن بولسام، الله بىزنى خارلىغان ۋە جازالىغان، شەھەر ئوت دېڭىزىغا ئايلانغان بولاتتى. (الله ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا رەھمەت قىلسۇن) ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى ئەڭ ياخشى كىشى ئىدى. شەكسىزكى الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ جىھادقا ئاتلىنىشقا بەرگەن بۇيرىقىنى كېچىكتۈرۈش خارلىق ۋە پالاكەتتىن باشقا نەرسىگە ئېلىپ بارمايتتى.

مانا يۇقىرىقىلار ئارىمىزدا ھۆكۈم قىلىدىغان اللەنىڭ كىتابىنىڭ ئەھكاملىرى، اللەنىڭ رەسۇلىنىڭ بىز ئۈچۈن بايان قىلغان سۈننەتلىرى، شۇنىڭدەك بۇ دىنىدىكى جىھادنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەنگەن ساھابىلەرنىڭ تۇتقان يولى. ئېنىقكى بىز ئۈچۈن يەنە ئۇنىڭدىن روشەن پاكىتلىق، قەتئىيلىككە، زور قىممەتكە ئىگە دەلىللەر بولمىسا كېرەك. شۇنداق

تۇرۇغلۇقمۇ يەنە بىزگە ئۇنىڭدىن چىقىپ كىرىۋالىدىغان بىرەر يۇچۇق چىقارمۇ؟!!

قاراقچىلار مۆمىن ئاياللارنىڭ خاس ھۇجرىلىرىغا باستۇرۇپ كىرمەكتە، ئۇلارنىڭ ئار-نۇمۇسىنى دەپسەندە قىلىشقا باشلىماقتا، پاكلىقىمىزنى بۇلغىشىغا، دىنىمىزنىڭ ئاساسىنى يەرگە ئۇرۇشقا سۈكۈت ئىچىدە قاراپ تۇرىمىزمۇ؟

روسلار ئافغانىستان ئۆسمۈرلىرىدىن 5200 نى كوممۇنىزىم ئەقىدىسىدە تەربىيلەش ۋە قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغىچە خۇداسىزلىق ئۇرۇقىنى چېچىش ئۈچۈن ئېلىپ كەتتى. ئامېرىكىلىقلار 600 مەكتەپ ئېچىپ دۆلەتلەرنىڭ ئىچى-سىرتىدا 105 مىڭدىن ئارتۇق ئافغان ئۆسمۈرلىرىنى ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانماقتا. بىزنىڭ ئىسلام تەشۋىقاتچىلىرىمىز قەيەرگە كەتتى؟ مۇسۇلمان تەربىيەتچىلىرىمىزچۇ؟ ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى قۇتقۇزۇش، جىھاد پىكرىنى قوللاش ئۈچۈن زادى قانداق تەييارلىق خىزمىتىنى ئىشلىمەكتە؟

فىقھشۇناس ئالىملار« بارلىق ئىسلام دۆلەتلىرى بىر دۆلەتكە ئوخشاش، مۇسۇلمانلارنىڭ قەيەردە بىر پارچە زېمىنى خەتەرگە دۇچ كېلىدىكەن، بارلىق مۇسۇلمان مىللەتلەر بۇ تاجاۋۇزچىلىقتىن مىكروپلانغان بىر پارچە «گۆش» نى قوغداش ئۈچۈن چاقىرىق چىقىرىشى ۋاجىب دەپ ئېنىق كۆرسەتمىلەرنى كەلتۈرگەن. ئالىملار ياشلارنى جىھادقا قىزىقتۇرسا نېمە بولىدىغاندۇ؟ خۇسۇسەن ھازىرقىدەك جىھادقا قىزىقتۇرۇش پەرز بولىۋاتقان ئەھۋالدا  الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:«مۆمىنلەرنى جىھادقا قىزىقتۇرغىن» . دەۋەتچىلەرنىڭ مۇجاھىدلار ئارىسىدا ياشاپ، ئۇلارنى تەربىيلەش، توغرا يول كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن پۈتۈن ھاياتىدىن بىرەر يىل ۋاقىت ئاجراتسا بولمامدىغاندۇ؟ ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرى زېمىندا الله ھۆكمىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن جانلىرى بىلەن ھەسسە قوشۇش ۋە جىھاد شەرىپىگە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلىپ بىرەر يىللىق رۇخسەت ئېلىشقا بولماسمۇ؟ الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:« ئۇلار ئۆيلىرىدە قالغۇچىلار ( يەنى ئاياللار، كېسەللەر ۋە ئاجىزلار) بىلەن

بىرگە بولۇشقا رازى بولدى. ئۇلارنىڭ دىللىرى پېچەتلەندى. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇلار (جىھادتىكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىشتىن كېلىدىغان بەختنى) چۈشەنمەيدۇ. لېكىن پەيغەمبەر ۋە پەيغەمبەرلەر بىلەن بىللە ئىمان ئېيتقانلار ماللىرى، جانلىرى بىلەن جىھاد قىلدى. ئەنە شۇلار ( ئىككىلا دۇنيانىڭ) ياخشىلىقلىرىغا نائىل بولىدۇ. ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر» ــ سۈرە تەۋبە 87 ـ 88 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى. ئۆزىنىڭ روھى ۋە قانلىرى ئارقىلىق دىننى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن الله يولىدا جىھادقا چىقىشنى مەقسەت قىلىپ مەسلىھەت سورىغانلارغا ئىمىملار كۆكۈل بۆلۈپ، يول ـ يۇرۇق بەرسە نېمە بولىدىغاندۇ؟ پاك قانلىرى ئارقىلىق مۇسۇلمانلار زېمىنىنى سۇغۇرۇش ئۈچۈن غەيرەتلىرى تېشىپ، جاسارەتلىرى ئۇرغۇپ، قەلب ئوتلىرى يالقۇنجاپ تۇرغان مۆمىن يىگىتلەر يەنە قاچانغىچە جىھادقا ئاتلانمايدىغاندۇ؟ بىر يىگىتنى جىھادتىن توسقان كىشى ئەمەلىيەتتە بىراۋنى ناماز ۋە روزىدىن توسقان كىشىدىن پەرقلەنمەيدۇ. ياشلارنى جىھادتىن توسقان كىشى اللهنىڭ سۆزىدىكى:« ناماز ئوقۇۋاتقان بەندىنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) توسقان ئادەمنىڭ (ھالىنى) ماڭا ئېيتىپ بەرسەڭچۇ؟» دېگەن ئايەت كەرىمىنىڭ ئومۇمي مەنىسى ئاستىغا ۋاستىلىق يوللار بىلەن كىرىپ قېلىشتىن قورقمامدىغاندۇ؟ ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىدىن بىرەرىنى الله يولىدا تەقدىم قىلسا، ئۇلار ئۈچۈن دۇنيادا ئىززەت، ئاخىرەتتە شاپائەتچى بولۇش ئۈچۈن زاپاس بايلىق بولۇپ تۇرماسمىدى؟ ئاتىلار پەرزەنتلىرىدىن بىرەرىنى ئەرلەر تۇتىشىدىغان مەيدانغا، قەھرىمان تاۋلايدىغان زاۋۇتقا تاپشۇرسا نېمە بولىدىغاندۇ؟ ئۇلار اللهنىڭ تۇغماس قىلىپ يارىتىپ قويمىغانلىقىنى ئويلىسۇن! ئەلۋەتتە، پەرۋەردىگارنىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن پەرزەنتلىرىنىڭ زاكىتىنى ئايرىشمۇ، اللهنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكرى قىلىش جۈملىسىدىن سانىلىدۇ.

الله ئۆزى ياراتقان جان ۋە ماللارنى ئۆزى رىزىقلاندۇرۇۋاتقان تۇرسا، ئالەملەرنىڭ

پەرۋەردىگارىغا بېخىللىق قىلىپ نېمە كەپتۇ؟ بۇ بېخىللىق «بىر كىشىنىڭ رىزقى تۈگىمەي، ئەجىلى توشماي تۇرۇپ ھەرگىزمۇ ئۆلمەيدۇ» دېگەن مۇستەھكەم ئەقىدىسى تۇرۇغلۇقمۇ، يەنە ئۆز پەرۋەردىگارىغا قىلغان بېخىللىق بولۇپ سانىلىدۇ. مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت سەھىپىلىرىگە، ياخشىلىق دىۋانلىرىغا، جىھاد مەيدانىدا ئۆتكۈزگەن بىر نەچچە سائەت ۋاقتىدىن، تەييارلىقتا تۇرغان بىر نەچچە كۈندىن ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرسا بولمامدىغاندۇ؟

بىر سەھىھ ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن:« الله يولىدا بىر كۈن تەييارلىقتا تۇرۇش بىر ئاي روزا تۇتۇپ، كېچىلىرى ناماز ئوقۇغاندىن ئەۋزەلرەكتۇر». ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزىدىن رىۋايەت قىلغان بىر سەھىھ ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن:« الله يولىدا جىھاد قىلىش ئۈچۈن ئالدىنقى سەپتە بىر سەپتە تۇرۇش 60 يىل ناماز ئوقۇغاندىن ياخشىراق». سەھىھۇل جامى 4503 ـ بەت.

كېلىڭلار! دىنى قېرىنداشلار كېلىڭلار! پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، پەرۋەردىگارىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىش، دىنىڭلارنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن ئاتلىنىڭلار!

ئى ھۆرمەتلىك قېرىندىشىم! قېلىچىڭنى بىلەپ، ئىگەرگە مىنگىنىڭدە دۈشمەن تەرەپكە ئات سالغىن! ئۈممىتىڭگە يۈزلەنگىن! خورلۇقنى ئۆچۈرۈپ تاشلا!

ئى ھۆرمەتلىك بۇرادەر! الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:« بۇ قىسسىلەردە ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار». بۇخارىنىڭ قانلىق قىسسىسى، پەلەستىنىنىڭ جاراھەتلىك قىسسىلىرى، ئادەمنىڭ كۆلگە ئايلىنىشى، ھالاكەتكە دۇچار بولغان ئەسىرلەرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى، ئىسپانىيەنىڭ دەرت ـ ئەلەملىك كەچمىشلىرى بىز مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى ئىبرەت بولالايدۇ. شۇنداق ئىكەن پۇرسەت كېتىپ قېلىشتىن ئىلگىرى ئۆتمۈشتىن ئىبرەت ئالامدۇق ياكى ئۆمرىمىزنى ئۆتكۈزۈپ، خارلىق ئىچىدە ئىلگىرىكىلەر دەسسەلگەندەك دەسسىلىپ ئۇلار ۋەيران بولغاندەك ۋەيران بولامدۇق؟

بىز اللهدىن رۇسلارنى ئافغانىستاندىن چىقىرىۋېتىشنى، ئۇلارنى ماكانلىرىغا ئۈمىدسىز قايتۇرىۋېتىشنى ئۈمىد قىلىمىز. باشقىچە بولغاندا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە قانچىلىك بالايى-ئاپەتلەرنىڭ كېلىدىغانلىقلىرىنى چۈشەندۈرەلىسەمچۇ كاشكى؟!

ئەبۇ داۋۇد ئىبنى ئەمامەدىن رىۋايەت قىلغان بىر سەھىھ ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ:«كىمكى جىھاد قىلمىغان ياكى بىرەر مۇجاھىدنى ئۇنىڭ ئائىلىسىگە ياخشىلىق قىلىش ئارقىلىق تەييارلاپ قويمىغان بولسا، الله ئۇ كىشىنى قىيامەت كېلىشتىن ئىلگىرى ئاپەتكە دۇچار قىلىدۇ». الله تائالا مۇنداق دەيدۇ :« بۇنىڭدا (ھەقىقەت ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىدىغان) قەلبكە ئىگە ئادەم ئۈچۈن ياكى (ۋەز-نەسىھەتكە ) ھۇزۇرى قەلبى بىلەن قۇلاق سالىدىغان ئادەم ئۈچۈن ئەلۋەتتە زور ۋەز-نەسىھەت بار». سۈرە قاف 37-ئايەت.

مەن يەتكۈزمىدىممۇ؟ ئي الله گۇۋاھ بولغىن!

مەن يەتكۈزمىدىمۇ؟ ئي الله گۇۋاھ بولغىن!

مەن يەتكۈزمىدىمۇ؟ ئي الله گۇۋاھ بولغىن!

# خۇلاسە

1. دۈشمەن مۇسۇلمانلار زېمىنىغا باستۇرۇپ كىرگەندە جىھادنىڭ پەرز ئەيىنلىككە ئايلىنىدىغانلىقىغا بارلىق فىقھشۇناس، تەپسىرشۇناس، ھەدىسشۇناس ئالىملار ئورتاق بىرلىككە كەلگەن.

2. جىھاد پەرز ئەيىنلىككە ئايلانغاندا جىھاد بىلەن روزا، نامازنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق ئىكەنلىكىدە ئۈچ ئىمامنىڭ پىكرى بىردەك، ئەمما ئىمام ھەنبەلى نامازنىڭ جىھادنىڭ ئالدىغا قويىدۇ.

ئىمام مالىك مەزھىپىدىكى «بىلۇغەتىل لىسانىك لىئەقرابىل مالىك» دېگەن كىتابتا مۇنداق كەلگەن:« الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلىش داۋاملىق پەرز كۇفايە (بىر قىسىم كىشىلەر ئىجرا قىلسا، باشقىلاردىن كەچۈرۈم بولىدىغان پەرز) بولىدۇ. ئىمامنىڭ (يېتەكچىنىڭ) جىھادنىڭ پەرز ئەيىن ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىشى ياكى دۈشمەنلەرنىڭ مۇسۇلمانلار زېمىنىغا ھۇجۇم قىلىشى بىلەن جىھاد پەرز ئەيىنلىككە ئايلىنىدۇ»

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە مەزھىپىدىكى «مەجمۇئەل ئەنھار» دېگەن كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن:« پەرز كۇفايە بارلىق كىشىلەر بىلەن ئورتاق ئادا قىلىنىدىغان بولۇپ قالغان چاغدا، ئۇ نامازغا ئوخشاش پەرز ئەيىنلىككە ئايلىنىدۇ.

ئىبنى ئابىدەي نىل ھەنەفىنىڭ «خاشىيە» دېگەن كىتابىنىڭ 2-جىلد 238-بېتىدە مۇنداق دېيىلگەن:«ئەگەر دۈشمەن مۇسۇلمانلار چېگرىسىغا ھۇجۇم قىلسا، جىھاد نامازغا ئوخشاش تاشلىنىپ قېلىشقا يول قويۇلمايدىغان پەرز ئەيىنلىككە ئايلىنىدۇ».

3. جىھاد پەرز ئەيىنلىككە ئايلانغاندا گويا رامزان روزىسىنىڭ ياكى ناماز بامداتنىڭ پەرزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئاتا-ئانىدىن رۇخسەت ئالمىغانغا ئوخشاشلا، ئۇنىڭغىمۇ ئاتا-ئانىدىن رۇخسەت ئېلىش كەتمەيدۇ.

4. پەرز ئەيىنلىككە ئايلانغان جىھادنى ئۆزرىسىز تاشلاپ قويغۇچى بىلەن رامزاندا سەۋەپسىزلا ئىفتار قىلغۇچىلار كىشىنىڭ پەرقى يوق.

5. جان بىلەن قىلىدىغان جىھاد ئۈچۈن پۇل-مال تاپشۇرۇش ئارقىلىقلا مەسئۇلىيەتتىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭدەك پۇل-مال بەرگەن كىشىنىڭ گەدىنىدىكى تىگىشلىك دەرىجىدىكى جىھادنىڭ پەرزلىگى داۋام قىلىۋېرىدۇ. گويا كەمبەغەللەرگە پۇل-مال بېرىش ئارقىلىق ئۆزىگە روزا تۇتۇش ياكى ناماز ئوقۇتىشقا بولمىغىنىدەك، جان بىلەن قىلىدىغان جىھاد ئۈچۈنمۇ بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ.

6. جىھاد نامازغا ئوخشاش ئۆمۈرلۈك پەرز بولۇپ، بىر يىل روزا تۇتۇپ يەنە بىر يىل

تاشلاپ قويۇشقا، بىر كۈن ناماز ئوقۇپ يەنە بىر كۈن ئوقۇماسلىققا يول قويۇلمىغىنىدەك جىھادنىمۇ بىر يىل قىلىپ، ئۆز خىيالى بويىچە (كۈچ قۇدرىتى بويىچە) بىر نەچچە يىل تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ.

7. هازىر كافىرلار بېسىۋالغان ھەر قانداق بىر رايۇندا مال ۋە جان بىلەن جىھاد قىلىش پەرز بولۇپ، بۇ پەرز ئەيىنلىككە شۇ رايۇن ئازاد بولۇپ ئىسلام ھاكىمىيىتى تىكلەنگەنگە قەدەر داۋاملىشىدۇ.

8. ئىبنى رۇشەد ئېيتقانغا ئوخشاش «جىھاد سۆزى تىلغا ئېلىنغان ھامان ئۇنىڭ قورال بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئىكەنلىكىنى مەقسەد قىلىدۇ» ـ ـ بۇ پىكىرگە تۆت ئىمام  بىردەك قوشۇلغان.

9. «في سەبىيلىللاھ» دېگەن سۆز ئالدى بىلەن جىھادنى مەقسەد قىلىدۇ. ئىبنى هاجەر «ئەلفاز» دېگەن كىتابىنىڭ 6 ـ جىلد 23 ـ بېتىدە شۇنداق بايان قىلغان.

10. بۇلاردىن باشقا يەنە «كىچىك جىھادتىن قايتىپ چوڭ جىھادقا، يەنى ئۆز نەفسى بىلەن قىلىنىدىغان جىھادقا ئاتلاندۇق» دېگەنىدەك ئۆسەك سۆزلەرمۇ بولۇپ، بەزىلەر بۇنى ھەدىس دېگەن سۆزدە چىڭ تۇرۇۋالىدۇ. ئۇ ئەسلىدە ئاساسى يوق يالغان ھەدىس بولۇپ، تابىئىنلاردىن بىرى بولغان ئىبراھىم ئىبنى ئەبى ئەيلا دېگەن كىشىنىڭ قىلغان سۆزى ئىدى.

11. جىھاد ئىسلام (دىنىدىكى ئىبادەتلەر) نىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بولۇپ، ئۇ ئالدى بىلەن ھىجرەت قىلىش، ئىككىنچى باسقۇچتا هازىرلىق (مەشىق) قىلىش، ئۈچىنچى باسقۇچتا تەييار تۇرۇش، تۆتىنچى باسقۇچتا (ئاخىرىدا) ئۇرۇش (جىھاد) قىلىش قاتارلىق باسقۇچلارغا بۆلۈنگەن بولىدۇ. ھىجرەت قىلىش جىھادنىڭ ئەڭ ئاساسي ۋاستىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خۇددى ئىمام ئەخمەدنىڭ بىر سەھىھ ھەدىسىدە «جىھادل بولىدىكەن ھىجرەت توختاپ قالمايدۇ» دەپ كەلتۈرگىنىگە ئوخشاش. (سەھىھۇل جامى 1987 ـ بەت).

هازىرلىق (تەييارلىق) ئۇرۇشقا كىرىشتىن ئىلگىرىكى ئەڭ زۆرۈر ئىش. تەييارلىق تەنھەرىكەت ئارقىلىق بەدەن چېنىقتۇرۇشنى، قورال ئارقىلىق ئېتىش مەشىقى ئېلىپ بېرىشنى، شۇنىڭدەك ھەربىي پىلان دەرىسلىكى، دۈشمەنلەرنىڭ ئۇرۇش قىلىش ئۇسلۇبىنى ئىگەللەش ۋە روھى تەربىيە ھازىرلىقلىرىنى كۈچەيتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تەييارلىقتا تۇرۇش (جىھادقا تەييار تۇرۇش) ئۇ مۇسۇلمانلارنى ھىمايە قىلىپ دۈشمەن چېگرىسىدا تۇرۇش بولۇپ ئۇرۇشنىڭ مۇھىم زۆرۈرىياتلىرىدىن بىرى. چۈنكى ئۇرۇش كۈندە بولۇپ تۇرمايدۇ. ئىنسان ئۈزۈن مەزگىل تەييارلىقتا تۇرۇش جەريانىدا پەقەت بىر-ئىككى قېتىملا ئۇرۇشقا كىرىشى مۇمكىن.

12. ھازىرقى شارائىتتا بارلىق مۇسۇلمانلارغا مال ۋە جان بىلەن جىھاد قىلىش پەرز بولۇپ، مۇجاھىدلاردىن باشقا بارلىق مۇسۇلمان ئەڭ ئاخىرقى بىر پارچە ئىسلام دىيارى كافىرلارنىڭ قولىدىن ئازاد بولغانغا قەدەر گۇناھكار بولۇپ قېلىۋېرىدۇ.

13. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ دەۋرىدە جىھادنىڭ ھۆكمى ھەر خىل ئىدى. بەدر غازىتى مەندۇب (قاتنىشىش بىلەن ساۋابقا ئېرىشىدىغان ئەمەل)، خەندەك ۋە تەبۇك غازىتى مۇسۇلمانلارغا پەرز ئەيىن بولغان ئىدى (تەبۇك غازىتىغا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇسۇلمانلارنى چىقىشقا بۇيرىغان، خەندەك غازىتىدا بولسا مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنى بولغان مەدىنىگە كافىرلار تاجاۋۇز قىلغان). ھىجرەتنىڭ 7-يىلىدىكى خەيبەر غازىتىغا كەلسەك، ئۇ پەرز كۇفايە ئىدى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ھىجرەتنىڭ 6-يىلىدىكى ھۇدەيبە غازىتىغا قاتناشمىغانلارنى ھۇزۇرىغا كىرىشكە رۇخسەت قىلمىغان.

14. ساھابە ۋە تابىئىنلارنىڭ دەۋرىدە كۆپىنچە ئەھۋالدا جىھاد پەرز كۇفايە ئىدى. چۈنكى رايونلار فەتھى (ئىسلام ئېچىش) قىلىنىپ تۇراتتى.

15. ھازىرقى ئەھۋالدا مال ۋە جان بىلەن جىھاد قىلىش پۈتۈنلەي پەرز ئەيىن.

16. الله كېسەللەر، پالەچلەر، كورلار، ئۆسمۈرلەر (بالاغەت يېشىغا يەتمىگەنلەر)،

ھىجرەت ۋە جىھادنىڭ يولىنى بىلمەيدىغان ئاياللار ۋە قېرىلاردىن باشقا ھېچكىمنىڭ جىھادنى تاشلاپ قويۇشتىكى ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ھەتتاكى ئېغىر بولمىغان كېسەللەر، ئاقساپ ماڭىدىغانلار، كۆزى كورمەيدىغانلارنىڭمۇ تاقىتى يەتسە مۇجاھىدلار سېپىگە قوشۇلۇش ئۈچۈن چىنىقىش ئېلىپ ھەربىي گازارمىلارغا بېرىشى، ئابدۇللا ئىبنى مەكتۇمنىڭ ئوھود ۋە قادىسىيە ئۇرۇشلىرىغا كەلگىنىگە ئوخشاش كېلىپ مۇجاھىدلارغا «قۇرئان» ئۆگىتىشى، ئۇلارنى جىھادقا قىزىقتۇرۇشى، ۋە باتۇر بولۇشقا رىغبەتلەندۇرۇشى لازىم. يۇقۇرىقىلاردىن باشقىلارغا اللەنىڭ ھوزۇرىدا ئۆزرە تېپىلمايدۇ. مەيلى ئۇ ئىشچى-خىزمەتچى ياكى ھۈنەرۋەن بولسۇن، ئىش بېشىدىكىلەر ياكى كاتتا تىجارەتچىلەر بولسۇن ئۇلارنىڭ تاپشۇرغان ماللىرى جان بىلەن قىلىدىغان جىھادنى تاشلىشىغا سەۋەب بولالمايدۇ.

17. جىھاد بىر ئىجتىمائى ئىبادەت بولۇپ، ھەر بىر جامائەت ئۈچۈن چوقۇم ئەمىر بولىشى لازىم. ئەمىرگە ئىتائەت قىلىش (بويسۇنۇش) جىھادنىڭ ئەڭ كۈچلۈك تەقەززاسى بولۇپ، ھەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ ئەمىرگە ئىتائەت قىلىشنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلىپ ئادەتلەندۇرۇشى لازىم. ئىمام مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:«سەن ئۈچۈن ھەممىدىن ياخشى ئىش ئىختىيارى ياكى ئىختىيارسىز، قولايلىق ياكى قولايسىز شارائىتتا ئاڭلاش ۋە ئىتائەت قىلىشتۇر».